

# شىنجاڭ مائارىپى

10

1983



# ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلىرىگە كۆڭۈل بۆلەيلى

غۇلجا شەھەر 7 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئاپ-
تونوم رايونىمىزنىڭ نۇقتىلىق مەكتەپلىرى-
نىڭ بىرى. بۇ مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسى
ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرستىن سىرتقى پائالىيەت-
لىرىنى جانلاندۇرۇپ، ماتېماتىكا، فىزىكا،
خىمىيە، ئەدەبىيات - سەنئەت، پىلانېر يا-
ساش، رەسساملىق گۇرۇپپىلىرى ۋە ھەر خىل
تەنتەربىيە ئەترەتلىرىنى قۇرۇپ چىقىشقا
يېتەكچىلىك قىلدى. گۇرۇپپا پائالىيەتلىرى
ئوقۇغۇچىلارنىڭ زېھنىنى ئېچىش، ئوقۇتۇش
سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتە مۇئەييەن رول ئوينى-
دى.

1. ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەك-
چىلىكىدە دەرستىن سىرت خىمىيە تەجرىبى-
سى ئىشلىمەكتە.

2. مۇزىكا گۇرۇپپىسىدىكى ئوقۇغۇچىلار
سەنئەت ئوقۇتقۇچىسى بىلەن بىرگە مەشق
ئۈستىدە.

3. پىلانېر گۇرۇپپىسىدىكى ئوقۇغۇچى-
لار ئۆزلىرى ياسىغان پىلانېرلارنى ئۇچۇ-
رۇشنى سىناق قىلماقتا.

(غوجاش مەھەممەت فوتوسى ۋە خەۋىرى)





شىنجاڭ مائارىپى
1983 - يىل 10 - سان
(ئايلىق ژورنال)

# بۇ ساندا

ئوقۇتۇشتا "ھوددىگە بېرىش" ئۇسۇلىنى تەقلىت قىلىشقا بولمايدۇ .......................... ( 1 )

* * *

ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ دۆلەت بايرىقى، دۆلەت گېربى، دۆلەت شېرى .................. ( 3 )

* * *

ئەخمەتجان قاسىمى مائارىپ ھەققىدە .............................. ھاكىم جاپپار ( 7 )

ئوقۇتۇش تەتقىقاتى

ماتېماتىكا مەشق دەرسى ۋە ئۇنى ئوقۇتۇش توغرىسىدا ............... ئابدۇرەخىم ئاببباس ( 12 )
بالىلارنىڭ ئىجادىيەت قابىلىيىتىنى كىچىكىدىن يېتىلدۈرۈش لازىم .......................... ( 18 )
دەرسلىكتىكى بىر مەسىلىنىڭ يېشىلىشى توغرىسىدا ......................... مۇھەممەت نۇجۇپ ( 21 )
ئاتوم رەت نومۇرى 100 دىن چوڭ بولغان ئېلېمېنتلارنىڭ بەلگىسى .......................... ( 27 )
ئوقۇش، يېزىش، سوزلەش، ئاڭلاش مەشقلىرى ۋە ئۇنى قانداق ئېلىپ بېرىش ھەققىدە
......................................... مەريەم ئابدۇراخمان ( 30 )
تىل دەرسىدە كونۇكمە ئىشلىتىش ۋە يازما مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشنىڭ بەزى ئۇسۇللىرى
......................................... ئابدۇكېرىم ئابدۇرېھىم ( 33 )
جۇغراپىيىدىكى سانلىق مەلۇمات ئوقۇتۇشى توغرىسىدا .......................... ( 38 )
«ئوقۇتۇشتا پايدىلىنىش قوللانمىسى» دىن قانداق پايدىلىنىش كېرەك ...... ئازات مىرقاسىم ( 44 )
تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيىسى ۋە گېن قۇرۇلۇشى ....................... ئاۋۇت ھاپىز ( 47 )

مەكتەپ باشقۇرۇش خىزمىتى

مەكتەپ ئىستىلى توغرىسىدا .................................................. ( 51 )
ئوقۇغۇچىلار ئىستىلىغا ئەھمىيەت بېرىپ، تەلىم - تەربىيە سۈپىتىنى ئۆستۈرەيلى
............................................ زايىت زىكرىيا ( 57 )

## بىلىم، ئەقلىي قابىلىيەت ۋە ماھارەت

خاراكتېر ۋە ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ تەرەققىياتى ........................................ (60)
دەرسخانىدىكى ئوقۇتۇش سەنئىتى توغرىسىدا ........................................ (63)

* * *

ئوقۇغۇچىلار دەرسكە كېچىكىپ قالغاندا قانداق قىلىش كېرەك ........... ئىلھامجان پەخىردىن (66)

* * *

ئۇيغۇر مائارىپ تارىخى توغرىسىدا مۇقەددىمە ........................ ئابدۇللا تالىپ (69)

* * *

مائارىپ قانۇنىيىتى قايسى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ................................ (82)
"مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى"، "مۇستەھكەملىنىش نىسبىتى" ۋە "مەكتەپ پۈتتۈرۈش نىسبىتى" دېگەن نېمە ........................................................ (83)

## خەۋەر

پەيزىۋات ناھىيىسىنىڭ شاپتۇل كۆكشىبىسى مائارىپ خىزمىتى ئۈچۈن 51 مىڭ يۈەن ياردەم قىلدى ........................................ توختى ئاۋۇت (85)
تىرىشچانلىق ـ ئىقتىساتچىللىق بىلەن باشقۇرۇلۇۋاتقان جايتېرەك ئوتتۇرا مەكتىپى ........................................ ئىدرىس قادىر (86)
مىللىي بالىلار باغچىلىرى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ تونجى قېتىملىق كۇرسى ئېچىلدى ... ئايتۇران (89)

## چەتئەل مائارىپىدىن

ياپونىيىنىڭ پەن ـ تېخنىكىنى گۈللەندۈرۈشتە تۇتقان يولى ........................ (90)

* * *

غۇنچە ........................................ (مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە)
مۇھاكىمە ........................................ (مۇقاۋىنىڭ توتىنچى بېتىدە)

* 1983 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 كۈنى نەشرگە بېرىلدى *

مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ مەسئۇلى «نۇر گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاپ بەردى

# ئوقۇتۇشتا "ھوددىگە بېرىش" ئۇسۇلىنى تەقلىت قىلىشقا بولمايدۇ

**ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىمتىھان نومۇرىنى ئوقۇتقۇچى خىزمىتىنىڭ ياخشى ئىشلەنـگەن ـ ئىشلەنمىگەنلىكىنى باھالاشنىڭ بىردىن ـ بىر ئۆلچىمى قىلماسلىق لازىم. بىر قىسىم ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى تۇتۇۋېلىپ، يەنە بىر قىسىم ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى مۇكاپاتلاشقا بولمايدۇ.**

ژورنىلىمىز خەۋىرى «نۇر گېزىتى» مۇخـبىرى يېقىندا مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ مەسئۇلـىنى زىيارەت قىلىپ، ئوقۇتۇشتا "ھوددىگە بېـرىش"نى يولغا قويۇش ـ قويماسلىق مەسىلىسى ئۈستىدە سوئال سورىدى. مائارىپ مىنىستىرلىكـىنىڭ مەسئۇلى ئۇنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا نىسـبەتەن، ئۆز كوز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

**سوئال:** بەزى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكـتەپلەر يېزا ئىگىلىكىدە يولغا قويۇلغان "ھوددىگە بېرىش" ئۇسۇلىنى تەقلىت قىلىپ، ئۇنى ئوقۇتۇش خىزمىتىدە مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنىڭ بىر خىل شەكلى ياكى مەزمۇنى قىلدى، بۇ مۇۋاپىقمۇ، مۇۋاپىق ئەمەسمۇ؟

**جاۋاپ:** ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر مائارىپىدا ئىسلاھ قىلىشقا تېگىشلىك جايلار ناھايىتى نۇرغۇن. ھەر خىل مەسئۇلىيەت تۈزۈـمىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش مائارىپ ئىسلاھاتىنىڭ بىر مەزمۇنى. ئوقۇتۇش خىزمىتى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى پۈتكۈل مائارىپ ئىسلاھاـتىنىڭ تۈپ مەقسىدى ۋە مەركىزىي مەزمۇنىغا بويى سۇنۇشى، تەلىم ـ تەربىيە قانۇنىيىتى ۋە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر تەلىم ـ تەربىـيىسىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە ئۇيغۇن كېلىشى لازىم. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر تەلىم ـ تەربىيىسى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىشنىڭ مۇھىم تەركىۋى قىسمى. ئوقۇتقۇـچىلارنىڭ ئەمگىكى ئاساسەن ئەقلىي ئەمگەك. ئـوقۇتقۇچىلار خىزمىتىنىڭ ياخشى ئىشلەنـگەن ـ ئىشلەنمىگەنلىكىنى باھالاشنىڭ ئوبيېكتىپ ئۆلچىمى بار، ئەلۋەتتە، لېكىن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەمگەك مېۋىسىنى باھالاش ساناـئەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى باھالاشقا قارىغاندا كوپ دەرىجىدە مۇرەككەپ. مەكتەپنىڭ ياخشى باشقۇرۇلغان ـ باشقۇرۇلمىغانلىقى، ئوقۇغـۇچىـلارنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىنىڭ ياخشى بولغان بولمىغانلىقى نۇرغۇن جەھەتتىكى ئامىللارغا باغلىق، پۈتۈنلەي ئوقۇتقۇچىغىلا باغلىق ئەمەس. شۇڭا، ئوقۇتۇشتا يېزا ئىگىلىكىدە يولغا قويۇلغان "ھوددىگە بېرىش" ئۇسۇلىنى ئاددىي ھالدا تەقلىت قىلىشقا بولمايدۇ، بولۇپمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىمتىھان نومۇرىنى ئوقۇتقۇچىلار خىزمىتىنىڭ ياخشى ئىشلەنگەن ـ ئىشلەنمىگەنلىكىنى باھالاشنىڭ بىردىن ـ بىر ئۆلچىمى قىلماسلىق لازىم.

**سوئال:** بىزگە مەلۇم بولۇشچە، مۇكاپاتلاشمۇ بولۇش، جازالاشمۇ بولۇش دىگەننى يولغا قويۇش ئۈچۈن، بەزى گۇڭشې - دۈيلەر ئۈزلىرى باشقۇرغان ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە قارىتا بىر قىسىم خادىملارنىڭ ئاساسي ئىش ھەققىنى تۇتۇۋېلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئارقىلىق "لەيلىمە ئىش ھەققى"نى يولغا قويغان. مۇنداق قىلىش توغرىمۇ؟

**جاۋاپ:** مەكتەپلەردىمۇ كوپ ئىشلىگەن كوپ ئالىدۇ دىگەن پىرىنسىپنى ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك، لېكىن ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى "پۇلغا قاراش"قا يېتەكلەشكە بولمايدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا مەكتەپلەرنىڭ مائارىپ خىراجىتىدىن تاشقىرى، باشقا كىرىمى يوق ياكى ناھايىتى ئاز بولىدۇ. نۆۋەتتە، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى كىرىمى بىر قەدەر تۆۋەن. شۇڭا، بىر قىسىم ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى تۇتۇپ قېلىش ئارقىلىق يەنە بىر قىسىم ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى مۇكاپاتلاشقا بولمايدۇ. چۈنكى مۇنداق قىلىش بىر قىسىم ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا، ئوقۇتقۇچىلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىتتىپاقلىقىغا جەزمەن تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر تەمىناتى ئاساسەن دۆلەت ۋە كوللېكتىپنىڭ ئەقلىغا مۇۋاپىق ئىش ھەققى سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، تەدرىجى ھەل قىلىشى ئارقىلىق ياخشىلىنىدۇ.

**سوئال:** ئوقۇتۇشتا "ھوددىگە بېرىش" ئۇسۇلىنى يولغا قويغانلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟

**جاۋاپ:** مائارىپ ئىسلاھاتى مۇشكۇل، مۇرەككەپ ۋەزىپە، ھەم ئىسلاھاتنىڭ زورۇرلىكى ۋە جىددىيلىكىنى چۈشىنىش، ئاممىنىڭ ئىجاتچانلىق روھىغا ھورمەت قىلىش، ھەم ئۇنىڭ مۇرەككەپلىكلىكىنى ۋە ئۇزاق مۇددەتلىكلىكىنى چۈشىنىش، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلىگەن ھالدا قەدەم - باسقۇچلۇق ئېلىپ بېرىش كېرەك، ئوقۇتۇش خىزمىتى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش جەريانىدا، مائارىپ قانۇنىيىتى بويىچە ئىش كورۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خىزمەت پوزىتسىيىسىنى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتلەردىن ئەتراپلىق ئۆسۈشىگە كوڭۇل بولگەن - بولمىگەنلىكىنى ۋاھاكازالارنى مۇۋاپىق ئۇسۇلدا تەكشۈرۈپ كورۈشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇشقا بولىدۇ. تەلىم - تەربىيە ۋە ئوقۇتۇش سۈپىتى جەھەتتىكى تەكشۈرۈش بىر قەدەر مۇرەككەپ بولىدۇ، كوپ ھاللاردا قىسقا مەزگىل ئىچىدە ئېنىق كورۈۋالغىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇقۇرىراق سەۋىيىلىك ئوقۇتقۇچىلارنىڭ باھالاپ بېكىتىشىگە تايىنىش كېرەك. ئەگەر ئىمتىھان نومۇرىغىلا ئېسىلىۋېلىپ، ئىمتىھان نومۇرى ئوقۇتقۇچىلار خىزمىتىنى باھالاشنىڭ ئاساسي ئولچىمى قىلىنسا، ساقلىنىش تەس بولغان يامان خاھىش، يامان ئىللەتلەر پەيدا بولىدۇ. مەكتەپلەر مائارىپ خىراجىتىدىن تاشقىرى، باشقا كىرىمى يوق ياكى ناھايىتى ئاز بولغان ئەھۋال ئاستىدا، "مۇكاپاتلاش"تا مەنىۋى جەھەتتە مۇكاپاتلاشنى ئاساس قىلىشى، "جازالاش" تا مۇۋاپىق تەنقىت بېرىشى لازىم، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇرمۇشىغا كوڭۇل بولۇپ، ئۇلارنىڭ غەم - قايغۇسىنى ئىمكان قەدەر ئازايتىشى زورۇر. شۇنداق قىلغاندا، ئاكتىپ ۋە قاتتىق بولغان ئوقۇتقۇچىلار خىزمىتى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى تەبىئى ھالدا "ھوددىگە بېرىش" ئۇسۇلىنىڭ ئورنىنى دەسسەيدۇ.

# ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ دولەت بايرىغى، دولەت گېربى، دولەت شېئرى

دولەت بايرىغى، دولەت گېربى (بەلگىسى) ۋە دولەت شېئرى بىر دولەتنىڭ شەرتلىك بەلگىسى ۋە سىمۋولى. ئېلىمىزنىڭ دولەت بايرىغى بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق؛ ئېلىمىزنىڭ دولەت گېربىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بەش يۇلتۇزنۇرى ئاستىدىكى تيەنئەنمىننىڭ، چورىسىگە باشاقلار ۋە چىشلىق چاقنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن؛ ئېلىمىزنىڭ دولەت شېئرى — «پىدائىيلار مارشى». مەيلى قەيەرگىلا بارسۇن، ھەر بىر ۋەتەنپەرۋەر جۇڭگولۇق جەۋلان قىلىپ تۇرغان بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقنى ۋە نۇرلىنىپ تۇرغان دولەت گېربىنى كورسىلا، قۇدرەتلىك «پىدائىيلار مارشى» نى ئاڭلىسىلا، ئەدەپ بىلەن ھورمەت بىلدۇرىدۇ، مۇقەددەس، تەنتەنىلىك، ئالىجاناپ ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇيىدۇ.

## دولەت بايرىغى

دولەت بايرىغى مۇستەقىل، ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دولەتنىڭ شەرتلىك بەلگىسى. ئۇ ئادەتتە بىر دولەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى نامايەن قىلىدۇ.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دولەت بايرىغىنىڭ بايراق يۈزى قىزىل رەڭلىك بولۇپ، ئۇ ئىنقىلاپنىڭ سىمۋولى. سول تەرىپىنىڭ يۇقۇرىسىغا بەش دانە سېرىق رەڭلىك بەش بۇرجەكلىك يۇلتۇز قادالغان؛ بىر يۇلتۇز چوڭراق بولۇپ، سول تەرەپكىرەك جايلاشقان؛ توت يۇلتۇز كىچىكرەك بولۇپ، چوڭ يۇلتۇزنىڭ ئوڭ تەرىپىنى ھالقىسىمان ئوراپ تۇرىدۇ ھەمدە ھەرقايسىسىنىڭ بىر بۇرجىكىنىڭ ئۇچى چوڭ يۇلتۇزنىڭ مەركىزىي نۇقتىسىغا ئۇدۇل قارىغان. چوڭ بەش بۇرجەكلىك يۇلتۇز جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە، توت دانە كىچىك بەش بۇرجەكلىك يۇلتۇز جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان چاغدىكى ئېلىمىز خەلقى ئىچىدىكى ئالغان توت سىنىپقا: ئىشچىلار سىنىپى، دېھقانلار سىنىپى، شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسى ۋە مىللىي بۇرژۇئازىيىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بەش دانە بەش بۇرجەكلىك يۇلتۇزنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ئىنقىلاۋىي خەلقنىڭ ئۇلۇغ ئىتتىپاقلىقى ۋە خەلقنىڭ پارتىيىنى چىن دىلىدىن ھىمايە قىلىدىغانلىقىنىڭ سىمۋولى. بەش يۇلتۇز بايراق يۈزىنىڭ سول تەرىپىنىڭ يۇقۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلار گوياكى ئىگىزدە تۇرۇپ، ئالتۇن نۇرلىرى بىلەن بىپايان ئاسمان-زېمىننى يورۇتۇپ، تاغ-دەريالارنى گۈزەل تۈسكە كىرگۈزگەندەك كورۇنىدۇ. پۈتكۈل لايىھە ھەيۋەتلىك، كوركەم، ئىخچام، چوڭ سۈپەت سىپايى ۋە روشەن، يارقىندۇر.

ئېلىمىزنىڭ دولەت بايرىغى مۇنداق بارلىققا كەلگەن: يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇش ئەرپىسىدە، 1949 - يىلى 6 - ئايدا، مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى تەييارلىق يىغىنىنىڭ دائىمىي كومىتېتى ئۈنجى قېتىم يىغىن ئوتكۈزۈپ، دولەت بايرىغى، دولەت گېربى، دولەت شېئرى لايىھىسىنى ئىشلەپ

چىقىش گۇرۇپپىسى قۇرۇشنى قارار قىلدى ھەمدە 7 ـ ئايدا ماقالا قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرۇشى چىقاردى. بىر ئاي ئىچىدە، تاپشۇرۇققا بىنائەن يېزىلغان ماقالىلاردىن دولەت بايرىقى ھەققىدە 4912 پارچە، دولەت گېربى ھەققىدە 1012 پارچە، دولەت شېئىرى ھەققىدە تېكىست مۇزىكا 1326 پارچە تاپشۇرۇۋېلىندى، تاپشۇرۇققا بىنائەن ماقالا يازغانلار، ئىشچىلار، دېھقانلار، داشۆي پروفېسسورلىرى، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى، ئىدارە كادىرلىرى، يازغۇچىلار ۋە چەتئەللەردىكى مۇھاجىر قېرىنداشلار بولۇپ، بۇ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋە چەتئەللەردىكى مۇھاجىر قېرىنداشلارنىڭ يېڭى جۇڭگونى قوللايدىغانلىقىنى تولۇق ئىپادىلىدى. شۇ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، يولداش ماۋزېدۇڭ قولىغا بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقنى ئېلىپ: بۇ لايىھە ئېلىمىز ئىنقىلاۋىي خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئىتتىپاقلىقىنى ئىپادىلەيدۇ؛ ھازىر ئۇلۇغ ئىتتىپاقلىق كېرەك، كېلەچەكتىمۇ ئۇلۇغ ئىتتىپاقلىق كېرەك؛ شۇڭا، مەيلى ھازىر، مەيلى كېلەچەكتە بولسۇن، ھەم ئىتتىپاقلىشىش، ھەم ئىنقىلاپ قىلىش كېرەك، دېدى. دولەت بايرىقى قاتارلىق ئىشلار مەسلىھەت يىغىنىغا قاتناشقان ۋەكىللەر چاۋاك چېلىپ قوشۇلدى. مەملىكەتلىك سىياسى مەسلىھەت كېڭەشى يىغىنىنىڭ تەكرار مۇزاكىرە قىلىشى ۋە ئەستايىدىل باھالاپ تاللىشى ئارقىلىق، 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، جۇڭگو خەلق سىياسى مەسلىھەت كېڭەشى يىغىنىنىڭ 1 ـ نۆۋەتلىك ئومۇمى يىغىنى: جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دولەت بايرىقى بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق بولىدۇ، دەپ رەسمى قارار ماقۇللىدى. شۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، رەئىس ماۋزېدۇڭ تيەنئەنمېن مەيدانىدا تۇنجى بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقنى ئۆزى بىۋاستە چىقىرىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى جاكالىدى.

بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق ئىنقىلاپ بايرىقى، غەلىبىيەت بايرىقى، خەلق بايرىقى. ئۇ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ مۇقەددەس ـ دەخلىسىز ئىززەت-ئابرويىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇ ئېلىمىز زېمىنىدە، دېڭىز تەۋەيىمىز ۋە ھاۋا تەۋەيىمىزدە ئەركىن لەپىلدەپ، ئېلىمىز خەلقىنى ۋەتەننى قوغداش، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش، توتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا باتۇرانە كۈرەش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرمەكتە. دولەت بايرىقىمىزنى ھۆرمەتلەش ۋە ئاسراش ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنى قىزغىن سۆيگەنلىكنىڭ ئىپادىسى.

## دولەت گېربى

دولەت گېربى بىر دولەتنىڭ رەسمى شەرتلىك گېربى ۋە سىمۋولى. ھەرقايسى ئەللەر دولەت گېربىنىڭ لايىھەسى ۋە ئىشلىتىلىش ئۇسۇلى ئاساسىي قانۇن ياكى مەخسۇس قانۇن ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا: "جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دولەت گېربىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بەش يۇلتۇز نۇرى ئاستىدىكى تيەنئەنمېننىڭ، چۆرىسىگە باشاقلار ۋە چىشلىق چاقنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن" دەپ بەلگىلەنگەن.

جۇڭگونىڭ يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاۋى «4 ـ ماي» ھەرىكىتىدىن باشلىنىپ، 1949 ـ يىلىغا كەلگەندە ئۇلۇغ غەلىبىگە ئېرىشتى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. تيەنئەنمېن «4 ـ ماي» ھەرىكىتى باشلانغان جاي، شۇنىڭدەك يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان چاغدا تەنتەنىلىك يىغىن ئېچىلغان جاي، تيەنئەنمېننىڭ سۈرىتىنى يېڭى مىللى روھنىڭ سىمۋولى قىلىش ئىنتايىن مۇۋاپىق. چىشلىق چاق، باشاقلار ئىشچىلار سىنىپى ۋە دېھقانلار سىنىپىغا سىمۋول قىلىنغان؛ دولەت بايرىقىدىكى بەش يۇلتۇز

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئىتتىپاقلىقىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، يېڭى جۇڭگونىڭ خاراكتېرى ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىك قىلىدىغان، ئىشچى - دېھقانلار ئىتتىپاقى ئاساس قىلىنغان خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرلىقىدىكى سوتسىيالىستىك دولەت ئىكەنلىكى روشەن ئىپادىلەنگەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دولەت گېربىنى ئىشلىتىش چارىسىگە ئاساسەن، تۆۋەندىكى ئورگانلارلا دولەت گېربى ئاسا بولىدۇ: مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي كومىتېتى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ گوۋۇيۈەنى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ۋە ئۇنىڭغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار؛ جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مەملىكەتلىك كومىتېتى؛ ئۆلكىلىك، شەھەرلىك، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە مىللىي ئاپتونومىيە ئورگانلىرى؛ چەتئەللەردە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىلار ۋە كونسۇلخانىلار. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ھۆكۈمەت تارقاتقان شان - شەرەپكە ئالاقىدار ھۆججەت ۋە گۇۋاھنامىلار، مەسىلەن، تەقدىرنامە، ئوردېن ۋە مېدال گۇۋاھنامە قاتارلىقلار؛ دىپلوماتىيە ھۆججەتلىرى، ئالايلۇق، دولەت خېتى، شەرتنامە ۋە تولۇق ھوقۇقلۇق گۇۋاھنامە قاتارلىقلار؛ شۇنىڭدەك تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى تارقاتقان ھەر خىل پاسپورت مۇقاۋىلىرىغا دولەت گېربىنى باسسا بولىدۇ. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى، گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى ۋە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى چەتئەللەردە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىلارنىڭ باشلىقلىرى ئەمەلىي نامىدىن سىرتقا قارىتا ئىشلىتىدىغان كونۋېرت، خەت - چەك قەغىزى، تەكلىپنامە قاتارلىقلارنىڭ ئۈستىگىمۇ دولەت گېربىنى باسسا بولىدۇ.

دولەت گېربىنى تۆۋەندىكى سورۇنلاردا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ: شەخسلەرنىڭ نىكاھ، دەپنە - تەزىيە، تەبرىكلەش قائىدە - يوسۇنلىرىدا زىننەتلەش؛ سودا - سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ بەلگىسى، زىننىتى، ئېلانى، لايىھە ئورنىكى؛ ئىدارە، مەكتەپلەرنىڭ ئىزنىكى، خاتىرە ئىزنىكى ياكى باشقا بەلگىسى؛ كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى زىننەتلەش.

دولەت گېربى دولەتنىڭ شەرتلىك بەلگىسى، ئۇ ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنىڭ ئىززەت - ئابرويىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇڭا، دولەت گېربىنى ھۆرمەت قىلىشىمىز، ئاسرىشىمىز زورۇر، بۇ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىشتىكى مۇھىم بىر ۋەزىپىمىز.

## دولەت شېرى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دولەت شېرى — «پىدائىيلار مارشى» 1935 - يىلى ئىجات قىلىندى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇ «بوران پەرزەنتلىرى» ناملىق كىنو فىلىمىنىڭ ئاساسىي ناخشىسى ئىدى. كومپارتىيە ئەزاسى، مەشھۇر دراماتورگ تيەن خەن بۇ فىلىمنىڭ ئومۇمىي ۋەقەلىكى ۋە ئاساسىي ناخشا تېكىستىنى ئەمدىلا يېزىپ بولۇشىغا قولغا ئېلىنىدى. ئاساسىي ناخشىنىڭ مۇزىكىسىنى ئىشلىگۈچى كومپارتىيە ئەزاسى، مەشھۇر خەلق مۇزىكانتى نې ئېر ئىدى. نې ئېر ئاساسىي ناخشىغا مۇزىكا ئىشلىگەندە ئۆزىنىڭ پارتىيىگە، ۋەتەنگە، خەلققە بولغان ساداقىتى ۋە دۈشمەنگە نىسبەتەن چەكسىز غەزەپ - نەپرىتىنى ھەربىر نوتا بەلگىسىگە سىڭدۈردى. ناخشىنىڭ ئاساسىي ئاھاڭى ئاكتىپ، جاراڭلىق بولۇپ، كىشىلەرنى جاسارەت بىلەن ئالغا بېسىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. باشلىنىش مۇزىكىسى جاراڭلىق ياڭرىغان يۈرۈش قىلىش سىگنالىغا ئوخشايدۇ؛ ئوتتۇرىدىكى "قوزغال! قوزغال! قوزغال!" فونېمىنى يۇقىرى پەللىگە

كۆتەرگەن، شۇڭا ئۇ كۈچلۈك چاقىرىق كۈچىگە ئىگە؛ ئاخىرىدىكى "ھەممە بىر نىيەتتە دۈشمەندىن ھېچ قورقماي، ئالغا! دۈشمەندىن ھېچ قورقماي، ئالغا! ئالغا! ئالغا باس!" دېگەن مىسرالار قەتئىيەت بىلەن كۈچلۈك ئىپادىلەندىغان بولغاچقا، كىشىنى ناخشا ئاۋازى تېخى ئاياقلاشمىغاندەك، كۆرەش قىلىۋاتقان جۇڭخۇا پەرزەنتلىرى ئالدىنقىلىرى يىقىلسا، كېيىنكىلىرى ئىز بېسىپ، باتۇرانە ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقاندەك تەسىراتقا ئىگە قىلىدۇ.

1935 - يىلى 7 - ئايدا «بوران پەرزەنتلىرى» فىلىمى تۇنجى قېتىم قويۇلغاندا شاڭخەيدىكى ھەممىلا يەردە «پىدائىيلار مارشى» ياڭرىدى. كېيىن، «9 - دېكابىر» ھەركىتىنىڭ غايەت زور دولقۇنى، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش ناخشىلىرىنى ئېيتىش دولقۇنى، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش يالقۇنى، ئازاتلىق ئۇرۇش ئىس - تۈتەكلىرىگە ئەگىشىپ بۇ ناخشا ۋەتىنىمىزدىكى سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئىچى - تېشىغا، چاڭجياڭنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا تارقالدى.

1940 - يىلىدىن كېيىن، بۇ ناخشا مەشھۇر نېگىر ناخشىچى پول روبسۇننىڭ قىزغىن ئېيتىشى ۋە پىلاستىنكىغا ئېلىشى ئارقىسىدا خەلقئارادىمۇ شان - شەرەپ قازىنىپ، پۈتۈن دۇنياغا تارقىلىپ، فاشىستلارغا قارشى ئۇرۇش سېپىدە ۋە دۇنيا ئىنقىلاۋىي ھەركىتى داۋامىدا جۇڭگو خەلقىنىڭ ئەڭ قۇدرەتلىك ساداسىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان جەڭگىۋار ناخشا بولۇپ قالدى.

1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ 1 - نوۋەتلىك ئومۇمىي يىغىنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت شېئىرى رەسمىي ئېنىقلىنىپ چىققۇچە، «پىدائىيلار مارشى» دۆلەت شېئىرى بولىدىغانلىقىنى قارار قىلدى. 1978 - يىلى "سول" چىل ئىدىيىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، دۆلەت شېئىرىنىڭ تېكىستىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى. 1982 - يىلى 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى 5 - نوۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 - يىغىنى «پىدائىيلار مارشى» نى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت شېئىرى قىلىشنى قارار قىلدى. بۈگۈنكى كۈنلۈكتە، كىشىلەر «پىدائىيلار مارشى» نى ئېيتسا، ۋەتىنىمىزنىڭ ئۆتمۈشتە تاجاۋۇزغا، زۇلۇمغا ئۇچراپ تارتقان ئازاپ - ئوقۇبەتلىرىنى، باشلار كېسىلىپ ئىسسىق قانلار ئاققان باتۇرانە كۆرەشلەرنى ئەسلەپ، بۈگۈنكى سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنىڭ ئاسانلىقچە قولغا كەلمىگەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ؛ «پىدائىيلار مارشى» نى ئېيتقاندا، ئامان كۈندە يامان كۈننى يادىدىن چىقارماي، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا ئىلھام بېرىپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى قوغداش ۋە گۈللەندۈرۈش، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلىپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە ئالغا باسىدۇ.

(«جۇڭگو ماتائارىپى گېزىتى» نىڭ 1983 - يىل 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىكى سانىدىن ئېلىندى)

(بېشى 17 - بەتتە)

ئىككىنچىدىن، ئوقۇغۇچىلار مەشق جەريانىدا سادىر قىلغان خاتالىقلارنى سەممىي تۈردە (مەسخىرە قىلىپ، كەمسىتىپ ئەمەس) كۆرسىتىپ، سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ توغرا ئىشلەشكە يېتەكلەشكە بولىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئىشلىگەن مەسىلە - مىساللارغا باھا بەرگەندە، ئالدى بىلەن نەتىجىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئاندىن كېيىن كەمچىلىكلەرنى كۆرسىتىپ بېرىشكە دىققەت قىلىش كېرەك.

مەشق دەرسىنى ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرتىش، يېڭىلاش دەرسخانا ئوقۇتۇشنى ئىسلاھ قىلىشتىكى مۇھىم بىر مەزمۇن. شۇڭلاشقا مەشق دەرسىنى ياخشى ئۆتۈش توغرىسىدىكى ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتنى توختاتماي داۋاملاشتۇرۇش — بىز ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى.

# ئەخمەتجان قاسىمى مائارىپ ھەققىدە

(ئەسلىمە)

## ھاكىم جاپپار

بۇ يىل، ئىنقىلاۋىي قۇربان ئەخمەتجان
قاسىمىنىڭ ۋاپاتىغا 34 يىل بولدى. ئەخمەتـ
جان قاسىمى خەلقنىڭ ئازاتلىق ئىشلىرى يو-
لىدا بارلىقىنى قۇربان قىلىش روھى، ئۆتكۈر
پىكىرلىكى، مول بىلىمى، تۇرمۇشتىكى ئاددى-
سادىدىلىقى، ھەر مىللەت خەلقى بىلەن ئىچـ
قويۇن - تاشقويۇن بولۇش ئىستىلى ۋە تۇر-
لۇك ئالىجاپ پەزىلەتلىرى بىلەن شىنجاڭدىكى
ھەر مىللەت خەلقى ۋە مائارىپچىلىرىنىڭ يۈكـ
سەك ھۆرمىتى ۋە مەڭگۈ ئەسلىشىگە سازاۋەر
بولدى. ئەخمەتجان قاسىمى مائارىپچى ئىدى،
ئۇ مائارىپقا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلەتتى،
مائارىپ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بولۇش، مائارىپ ئىشـ
لىرىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدىكى تىرىشچانلىقـ
لىرى ۋە ئىجادى ئەمگەكلىرى بىلەنمۇ كەڭ
مائارىپچىلارنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ئۆچمەس ئىز
قالدۇرۇپ كەتتى. خەلقنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى
يۈكسەلدۈرۈش، ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ تەربىـ
يىلىنىشىگە كۆڭۈل بولۇش ئۇنىڭ سۆز - نۇتۇقلىرى
ۋە ئەمىلىي ھەركىتىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپاتتى.

جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاۋىنىڭ
بىر قىسمى بولغان 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىغا ھەر
مىللەت خەلقى، ھەر مىللەت زىيالىلىرى قاتـ
ناشتى. بۇ چاغدىكى زىيالىلار پۈتۈنلەي دې
گىدەك ئوقۇتقۇچىلار ئىدى. شۇڭا ئوقۇتقۇچىـ
لاردىن بىر قىسمى ئوقۇتقۇچىلىق قىلىسمۇ، زور
تۈركۈمدىكىلىرى 3 ۋىلايەتتىكى ھەر ساھەدىـ
كى ئىدارە - جەمىيەت ئورگانلارغا، ھەربى
قىسىملارغا يوتكەلدى ۋە بۇ ئورۇنلاردىكى
مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالدى. ئەينى
يىللاردا، بىر تەرەپتىن ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسـ
لىك ئەھۋالى مەۋجۇت بولسا، يەنە بىر تە-
رەپتىن بىر قىسىم كىشىلەر ئوقۇتقۇچى بولۇشـ
نى خالىمايتتى. ئەخمەتجان قاسىمى رىياللىقنى
چىقىش قىلىپ، تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىشنى
كۈچەيتتى، مەكتەپلەر مائارىپىدىكى ئەھۋاللار-
نى سۈرۈشتە قىلدى ھەمدە كەسىپ ئالمىشىپ
كەتكەن ئوقۇتقۇچىلارنى قوشۇنغا قايتۇرۇش
خىزمىتىنى ئەستايىدىل ئىشلەپ، ئوقۇتقۇچىلار
قوشۇنىنى دەسلەپكى قەدەمدە تولۇقلىدى. ئۇ-
لارنىڭ سىياسى ۋە كەسپىي سەۋىيىسىنى نە-
زەردە تۇتۇپ، بىر نەچچە قارار مۇئەللىملەر
كۇرسى ئاچتى. ئۇ مەدىنى - مائارىپنىڭ ئىنـ
قىلاۋىي كۆرەشتىكى ئورنى ۋە رولىغا يۈكسەك
ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى ئۆزى بىۋاستە تۇتتى.

ئەخمەتجان قاسىمى 1948 - يىلى غۇلجا
شەھرىگە قاراشلىق مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىدىغا
مۇھىم نۇتۇق سوزلىدى. بۇ نۇتۇقتا ئەخمەتجان
قاسىمىنىڭ مائارىپ توغرىسىدىكى ئاساسىي ئىـ
دىيىسى بىر قەدەر تەپسىلى بايان قىلىنغان.
ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ بۇ نۇتقى مەكتەپلەرنىڭ
تەربىيىلەش نىشانىسى، تەربىيە مەزمۇنلىرى
ۋە ئوقۇتقۇچى خىزمىتىنىڭ شەرەپلىك ئىكەنـ
لىكى قاتارلىق تەرەپلەردىن سوزلەنگەن ۋە شۇ

چاغدىكى شىنجاڭنىڭ ئىچكى - تاشقى ۋەزىيىتى، نۇرغۇن ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، مەكتەپلەر مائارىپىنى ياخشى تۇتۇشنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەن ئەينى ۋاقىتتا بۇ نۇتۇقنى ئاڭلاپ بولۇپ: "ئەپەندىم سىياسەتچى، دۆلەت ئەربابىلا ئەمەس، بەلكى ھەقىقەتەنمۇ بىر پېداگوك ئىكەن" دېگەن ھېسسىياتقا كەلگەن ئىدىم.

ئەخمەتجان قاسىمى تەربىيىلەش نىشانىسى ئۈستىدە سۆزلەپ كېلىپ ئوقۇتقۇچىلارغا: "سىزلەرگە كېلىچەك دۆلەت ئىگىلىرىنى، كېلىچەك جەمئىيەت خىزمەتچىلىرىنى تەربىيىلەش شەرەپلىك ۋەزىپىسى يۈكلەنگەن"، "جەمئىيەتنىڭ كېلىچەك تۈزۈمى، كۆز قارىشى ۋە شۇنىڭدىكى بولىدىغان مۇناسىۋەتلەر ھازىردىن سىزلەرنىڭ دۆلەت ئىگىلىرىنى تەربىيىلىشىڭىزلارغا باغلىق مەسىلە، بىز كېلىچەكتە قاياققا بارىمىز، مەقسىتىمىز نېمە، مەقسەتكە قايسى ئۇسۇل بىلەن يېتىمىز؟ مانا شۇ مەسىلىلەرگە ئوچۇق جاۋاپ بېرەلىگىدەك تەربىيىلەش نىشانىسىنى بىلىشىمىز كېرەك. تەربىيىلەش نىشانىسىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، تەربىيىلىگۈچىنى توغرا يول بىلەن ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى ئەڭ مۇھىم ئىشىمىزنىڭ بىرى تەربىيە مەسىلىسى. تەربىيە يالغۇز خەلقنىلا تەربىيىلەشتىن ئىبارەت ئەمەس، تەربىيە كېلىچەكنىڭ ئىگىلىرىنى، جەمئىيەتنىڭ پايدىلىق ئەزالىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشنى مەقسەت قىلىدۇ. تەربىيە پەۋقۇلئاددە مۇھىم مەسىلە ھېساپلىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، پۈتۈن دۇنيادىكى جەمئىيەت ئەربابلىرى تەربىيە مەسىلىسىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ. ئەگەر تەربىيە جەمئىيەتنىڭ ئالغا كېتىپ بارغان ئىلغار يولى، خەلقچىل پىكىردىكى ئادەملەرنىڭ ئارزۇ قىلىپ يۈرگەن نەزەرىيىلىرىگە بىنائەن ئېلىپ بېرىلسا، شۇ يول بىلەن خەلق ئاممىسى مەنپەئەتىنىڭ ھىمايىچىلىرى بولغان ئۇسمۇرلەر تەربىيىلىنىدۇ. ئەگەر دۆلەت تۈزۈمى جەمئىيەتنىڭ تەرەققى تاپقان باسقۇچىغا لايىق بولمىسا، ئەگەر دەۋرنىڭ ئىلغار نەزەرىيىلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئالمىسا، خەلقچىل توغرا پىكىردىكى ئادەملەرنىڭ ئارزۇلىرى تىلەك بويىچىلا قالىدۇ..." دېگەن ئىدى ھەمدە بۇنى ئەنگلىيىنىڭ 16 - ئەسىردىكى مۇتەپەككۇرى توموس مور، فرانسىيىنىڭ 18 - ئەسىردىكى مۇتەپەككۇرى ژان - ژاك، روسسو، مولىر قاتارلىقلارنىڭ پىكىر، نەزەرىيىلىرىنىڭ ئارزۇ - تىلەك بويىچە قالغانلىقىنى نەقىل كەلتۈرۈپ ئىسپاتلىغان ئىدى. "دۆلەت ھاكىمىيىتى ئۈستىدە رىياكسىيون مۇستەبىت كۈچ ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان جايدا، ئۇنىڭ خەلقچىل روھقا قارشى بەلگىلىگەن تەربىيە ئۇسۇلى خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىگە مۇۋاپىق بولالمايدۇ" دەپ كەسكىن كۆرسىتىپ كېلىپ، شۇ چاغدا گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلاردا تەربىيە ئىشىنى ئەكسىيەتچى ئىدىيىنىڭ مەنپەئەتىگە قاراتقانلىقىنى، تەربىيىنى توغرا يولغا سېلىش ئۈچۈن، تەربىيە نىشانىسىغا توسقۇن بولغان كۈچنى يۇلۇپ تاشلاپ، ھاكىمىيەتنى خەلق قولىغا بېرىش، تەربىيە مەقسىدىنى خەلق مەنپەئەتىگە قارىتىش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. نۇتۇقتا يەنە "تەربىيىنىڭ سىياسەت بىلەن باغلىنىشى يوق دەپ قاراشقا ئورۇن قالمايدۇ. تەربىيە سىياسەت بىلەن مەھكەم باغلانغان بولۇپ، تەربىيىنىڭ مەقسەت - نىشانىسىنى سىياسەت بەلگىلەيدۇ، ئۇنداق بولغان ئىكەن، ياش - ئۆسمۈرلەرگە بېرىلىدىغان تەربىيىنىڭ ئاساسىي مەقسىدى ئەنە شۇ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىنى ھىمايە قىلىشقا قارىتىلغان بولۇشى كېرەك" دەيدۇ. بۇ ئارقىلىق تەربىيىنىڭ نىشانىسىنى شۇ ۋاقىتتىكى ئازاتلىق كۈرەش ئىشلىرى ئۈچۈن، خەلقچىل سىياسەتنى تۈرمۇشقا ئاشۇرۇش

ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلى-
دۇ. ئەخمەتجان قاسىمى: "بىز ياش - ئۆسمۈرلە-
رىمىزنى ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتىدىن خەلق
مەنپەئەتىنى ئەلا كۆرىدىغان قىلىپ تەربىيىلە-
شىمىز كېرەك، بۇ بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا ناھا-
يىتى مۇھىم ئورۇننى تۇتىدۇ، تەربىيىلەنگۈ-
چىلەرنىڭ تەربىيىلىنىشى — تەربىيىچىلەرنىڭ
ئۆزلىرىنىڭ بۇ مەسىلىدە ئۈلگە بولۇشىغا
باغلىق. ئەگەر مەن تەربىيىچى بولۇپ، تۇرمۇشتا
شەخسىي مەنپەئەتتىن جەمئىيەت مەنپەئەتىنى
ئەلا كۆرسەم، تەربىيىلەنگۈچى بۇنى شەكسىز
ئۆزىگە قوبۇل قىلىدۇ. ئادەم روھىنىڭ ئىنژې-
نېرى بولغان تەربىيىچىلەر شەخ-
سىي مەنپەئەتنى جەمئىيەت ۋە خەلق مەنپەئە-
تىدىن تۆۋەن قىلىش بىلەن بالىلىرىمىزنى ۋە-
تەن، مىللەت، خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن جان
كۆيدۈرىدىغان تۇرمۇش تارىخى بىلەن تەربى-
يىلەشى كېرەك" دەيدۇ.

ئەخمەتجان قاسىمى ئوقۇغۇچىلارنى ۋەتەن-
پەرۋەرلىك روھىدا تەربىيىلەشنى تەكىتلەپ
مۇنداق دەيدۇ: "بىز بالىلىرىمىزنى تار مىللەت-
چىلىك بىلەن تەربىيىلەيدىغان بولساق، بىر
مىللەتنىڭ پايدىسىنى كۆزلەيدىغان، باشقىلارنى
ئادەم ھېساپلىمايدىغان روھتا تەربىيىلەپ قويى-
مىز. مىللىي ئازاتلىق كۈرىشىمىزنى دىگەن
جايىغا ئېلىپ بارماقچى بولساق، مۇنداق تار
مىللەتچىلىك ئاڭنى تۈپ يىلتىزى بىلەن چى-
قىرىپ تاشلاپ، ئۆلكىدىكى ھەممە مىللەت
خەلقلەرنىڭ كۈرەش نىشانىسىنى بىر نۇقتىغا
يىغىشىمىز لازىم. ئەگەر بالىلارغا خەنزۇنى
ئۆچ كۆرسىتىپ، موڭغۇلنى ياخشى كۆرسىتىپ
تەربىيە بەرسەك، ئۆزىمىز قارىمۇ - قارشىلىققا
چۈشۈپ قالىمىز. چۈنكى تەربىيىلەنگۈچىدە
بىر مىللەت ئەلا، بىر مىللەت پەس، بۇ مىل-
لەت تاجاۋۇزچى، بۇ مىللەت تاجاۋۇزغا دۇچار
بولغۇچى دىگەن چۈشەنچە ھاسىل بولىدۇ.
ۋاھالەنكى تاجاۋۇزچى مىللەت ئەمەس، مىل-
لەتنى ساتقۇچى بىر تۈپ ھەربىي پالتىسىيە،
بيوروكرات ئاپاراتقا تايانغان مۇستەبىت ئۈن-
سۇرلاردۇر. ئۇلارنىڭ مىللەتكە ۋاكالىتەن سۆز-
لەشكە ھېچقانداق ھەققى يوق ۋە مىللەتكە
ۋەكىلمۇ بولالمايدۇ. بىر قىسىم گومىنداڭچى
"دارىن"لار بىزنىڭ قانچىلىك دۈشمىنىمىز
بولسا، خەنزۇ خەلقىنىڭمۇ شۇنداق دۈشمىنىدۇر.
شۇڭا ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىدا، ۋەتەندىكى
ھەممە مىللەت خەلقلەر ئورتاقلارچە باراۋەر
ھاكىمىيەت ئىگىسى بولىدىغان ۋە ئۆزلىرىنى
ئۆزلىرى ئىدارە قىلىدىغان بولۇش كېرەك دى-
گەن روھتا تەربىيە قىلىشىمىز لازىم." ئەخمەت-
جان قاسىمىنىڭ بۇ يالقۇنلۇق سۆزلىرىدىن شۇ
چاغدىلا ئۇنىڭ مىللىي سىياسەت، مىللىي ئىت-
تىپاق ۋە مىللەتلەر باراۋەرلىكى قاتارلىق مە-
سىلىلەردىكى كۆز قارىشىنىڭ قانچىلىك ئوچۇق
ۋە ئېنىقلىقىنى كۆرەلەيمىز.

ئەخمەتجان قاسىمى مەكتەپلەر تەربىيىسى-
نىڭ مەزمۇنلىرى ئۈستىدە توختالغىنىدا: ئەگەر
بىز بالىلىرىمىزنى كېلىچەكتە ۋەتەننى تولۇق
ئىدارە قىلسۇن دىسەك، ۋەتەننى چىن كۆڭلى
بىلەن سۆيۈپ، ۋەتەن ئۈچۈن جان پىدا قىلىش-
قا ھەر دائىم تەييار تۇرىدىغان، ماتېماتىكا،
فىزىكا، خىمىيە، تەبىئەت ۋە باشقىلارنى تو-
لۇق ئىگەللەپ، تېخنىكا قوراللىرىنى ئىشلىتىش-
نى، تەبىئەتنىڭ كۈچىنى بويسۇندۇرۇشنى بى-
لىدىغان ساغلام ئادەملەردىن قىلىپ يېتىشتۈ-
رۈشكە تىرىشىشىمىز لازىم. تەربىيىدە سالا-
مەتلىك، ساغلاملىق مۇھىم، "سالامەت تەندە
ساغلام ئەقىل" قىلىپ تەربىيىلەش ئاسان مە-
سىلە ئەمەس. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەر تەرەپتىن
مۇكەممەل تەربىيىلىنىشى ئۈچۈن سالامەتلىك
مەسىلىسىگە ئايرىمچە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك،
ئوقۇغۇچىلارنى فىزكۇلتۇرا، گىمناستىكا ۋە مۇ-
ۋاپىق ئەمگەكلەر بىلەن بولغان تەنتەربىيە

ھەركەتلىرى ئارقىلىق تاۋلاپ بېرىشىمىز كېرەك" دەيدۇ.

ئەخمەتجان قاسىمى مەكتەپلەردىكى دوستلۇق ۋە ئەمگەك تەربىيىسىنى تىلغا ئالغاندا:

"... مەكتەپتەك دوستلۇقنى باغلايدىغان جاي بولمايدۇ...

ئەگەر مەكتەپتە دوستلۇقنى تەمىن قىلىش ئىشى كۈچلۈك ئېلىپ بېرىلسا، مۇنداق تەربىيەلەنگەن باللاردا دائىمى دوستلۇق سوھبىتى جەمئىيەت پايدىسىغا قارىتىلغان بولىدۇ، مۇنداق تەربىيىلەنگەن ئادەم ھەقىقى خەلقچىللىق سىياسىتىنىڭ تۇرمۇشقا ئاشۇرۇلۇشىنىڭ بىرىنچى كۈرەشچىسى بولىدۇ. شۇڭا ھەقىقى دوستلۇق ۋە ھەمكارلىقنى مەكتەپتە تەمىن ئېتىشىمىز لازىم."

"بىز ئوقۇغۇچىلارغا ئەمگەك سۆيۈش، ئەمگەكنى ھۆرمەتلەش تەربىيىسىنى بېرىشىمىز لازىم بولىدۇ. ئەمگەك بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنى كۆتەرگىلى بولىدۇ، جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنى كۆتەرمەي تۇرۇپ، جەمئىيەتنى تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرگىلى بولمايدۇ ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنى تەرەققى قىلدۇرماي تۇرۇپ خەلقچىللىق سىياسىتىنى تۇرمۇشقا ئاشۇرۇش ھەم قىيىن مەسىلىدۇر. ئەمگەكنى سۆيۈش ۋە ھۆرمەتلەشنى باللارغا سىڭدۈرۈش ئوقۇتقۇچىغا باغلىق مەسىلە. ئەمما بىزنىڭ تەربىيەچىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئەمگەك سۆيۈش تەربىيىسىنى ئۆزلىرى تولۇق ئېلىپ چىنىققان ئەمەس. شۇڭا قارا ئەمگەك (جىسمانى ئەمگەك) قىلىشنى نومۇس دەپ بىلىدۇ. بۇ بىزگە كونا جەمئىيەت تۈزۈمىدىن قالغان ئادەت" دەپ كېلىپ، ناھايىتىمۇ ئېنىق ۋە كەسكىنلىك بىلەن ئۆزىنىڭ ئەزەلدىن دېخانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن ئىنىسىنىڭ ئۆز يېنىدا ئەسكەر بولغانلىقىنى، بىر كۈنى ئۇنىڭغا يېزىدىكى خامىنىدىن سامان ئەكىلىشنى بۇيرۇغاندا، سامانىنى كۈندۈزى ئەكەلمەي كېچىسى ئەكەلگەنلىكىنى، چۈنكى كۈندۈزى سامان ئەكىلىشتىن ئىزا تارتقانلىقىنى سوزلەپ كېلىپ، ئىنىسىنىڭ ئېگىنى ئۈستىگە كەيگەن پاكىز ئەسكەر كىيىمى ۋە يېنىغا ئاسقان تاپانچىسى ئۆزگەرتكەنلىكىنى ئېيتىپ قاتتىق تەنقىت قىلىدۇ.

ئەخمەتجان قاسىمى مەكتەپلەرنىڭ تەربىيىلەش نىشانىسى ۋە مەزمۇنى ھەققىدىكى كوز قارىشىنى "قىسقىسى خەلقچىللىق سىياسەتىنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، كۈرەش ۋەزىپىسى بىزدىن ئاگلىق، ئەقىللىق، ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ ھەممە تەرىپىدىن خەۋىرى بار چوڭقۇر بىلىملىك، ئەخلاقلىق، ساغلام تەنلىك، خەلققە سادىق ۋەتەنپەرۋەر ئادەملەرنى تەربىيىلەپ چىقىشنى تەلەپ قىلىدۇ" دەپ يىغىنچاقلايدۇ.

ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ بۇ سوزلىرى ھازىرمۇ رىيال ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئەخمەتجان قاسىمى ئوقۇتقۇچىنىڭ رولىغا ۋە ئۇنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنىغا ناھايىتى يۇقۇرى باھا بېرىپ كەلدى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىجتىمائى، سىياسى ئورنىنى كوتەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇرمۇش تەمىناتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن مۇمكىنچىلىكى بولغان بارلىق چارىلارنى كوردى.

ئەخمەتجان قاسىمى بۇ ھەقتە توختىلىپ: "مەن ئۆزەم مۇئەللىممەن، سىنىپتا قالاق ئوقۇغۇچى قالمىسۇن دەپ يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ تىرىشىۋاتقان ئوقۇتقۇچى مېھنىتىنىڭ قانچىلىك قىيىن ۋە جاپالىق ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىمەن، كىشىلىك جەمئىيەتتە مۇئەللىمنىڭ مېھنىتىدىن پەخىرلىنگۈدەك مېھنەت يوقتۇر، چۈنكى

ئالىم، مۇتەخەسسىس، يازغۇچى، قوماندان، جەمىيەت، دولەت ئەربابى ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇتقۇچى مېھنىتىنىڭ مەھسۇلاتىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئادا قىلغۇچى ئوقۇتقۇچى ھەر قانداق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، سەزگۈر، قابىل، ئەسلىك، پىكىرلىك، ئۆتكۈر، چىداملىق ۋە ياخشى خۇيلۇق بوغۇنلارنى يېتىشتۈرۈشنى ئۆزىگە شوھرەت دەپ بىلىدۇ" دەپ كورسىتىپ، ئوقۇتقۇچىلارنى ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدۇ. بۇ سوزلەر ھەر قانداق كىشىدە ئوقۇتقۇچىنىڭ شان - شەرىپىگە، قەدىر - قىممىتىگە قىزغىن ئىشتىياق، ھورمەتلەشنى قوزغايدۇ. 3 ۋىلايەت دائىرىسىدىكى مەكتەپلەردە ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ بۇ بىر ئابزاس ئەمىلىيەتكە ئۇيغۇن چوڭقۇر مەنىلىك سوزى چوڭ خەت بىلەن يېزىلىپ، مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلار ئىشخانىلىرى، سىنىپ ۋە زاللارغا ئېسىپ قويۇلاتتى. ئەخمەتجان قاسىمى ئوز نۇتقىنىڭ ئاخىرىسىدا: "بۇ مۇقەددەس ۋەزىپىنى توغرا ۋە تولۇغى بىلەن ئادا قىلىش ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنىڭ ھەر ساھەدىكى ئىشلىرىغا ۋە كېلىچەك دولەت ئىگىلىرى بولغان ياش - ئوسمۇرلىرىمىزنىڭ مۇكەممەل تەربىيە ئېلىشىغا مۇۋەپپەقىيەتلەر تىلەيمەن، ياشىسۇن ئېغىر خىزمەت ئوتەۋاتقان ۋە ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىمىزدىن بولغان، جەمىيەتنىڭ كېلىچەك ئىگىلىرىگە تەلىم - تەربىيە بەرگۈچى مۇدىر ۋەمۇئەللىملىرىمىز" دەپ بەكمۇ سەمىمى ئۈمىت - ئارزۇسىنى قويىدۇ.

ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ مائارىپقا مۇشۇنداق كوڭۈل بولۇشى ۋە بىۋاستە تۇتۇشى ئارقىسىدا قىسقا 4 — 5 يىل ئىچىدىلا 3 ۋىلايەت دائىرىسىدە مائارىپ ئىشلىرىمىز تېزلا گۈللىنىشكە باشلىدى. ھەممە يېزا - قىشلاقلارغىچە ھەر مىللەت مەكتەپلىرى قۇرۇلدى. بەزى يىراق-چەت جايلاردا شوبە مەكتەپلەر قۇرۇلدى. ھەر مىللەت پەرزەنتلىرى كوپلەپ مەكتەپ قوينىغا ئېلىندى. شۇ چاغدا ئىلى ۋىلايىتىگە قاراشلىق ھەممە ناھىيىلەردە ياتاقلىق مەركەزلەشكەن ئوتتۇرا مەكتەپلەر قۇرۇلدى. غۇلجا شەھرىدە 7 يىللىق، 10 يىللىق تۈزۈمدىكى مەكتەپلەر قۇرۇلدى. غۇلجىدا يەنە مەخسۇس پەنلەر بويىچە ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەيدىغان بىر بىلىم يۇرتى (جۇڭنىكىغا تەڭ) بىر ئوتتۇرا دەرىجىلىك تىببى تېخنىكوم تەسىس قىلىنىپ، مىڭلىغان ياشلار تەربىيىلەندى ۋە ھەر مىللەت مائارىپىغا ئوخشاش ئەھمىيەت بېرىلدى. مۇشۇ بىر مەزگىلدە غۇلجا شەھرىدە ئۇيغۇر، قازاق، خەنزۇ، خۇيزۇ، موڭغۇل، تاتار، ئوزبەك، رۇس قاتارلىق سەككىز مىللەتنىڭ مەكتەپلىرى بولۇپ، ئوز تىلىدا دەرس ئوتۇلەتتى.

ئەينى ۋاقىتتا ئوقۇپ تەربىيىلەنگەن ھەر مىللەت ياشلىرى بۈگۈنكى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ھەر قايسى سەپلىرىدە تايانچ كۈچلەردىن بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

بىز ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، رايونىمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش، ھەر مىللەتتىن بولغان ئىختىساس ئىگىلىرىنى كوپلەپ يېتىشتۈرۈش يولىدا تىرىشىپ كۈرەش قىلىمىز.

ئەخمەتجان قاسىمىنى مەڭگۈ ئەسلەيمىز!

---

△ كىشى ئوزىنى جەمىيەتكە تەقدىم قىلالىغاندىلا، ئاندىن چەكلىك ۋە خەۋپ - خەتەرلىك ھاياتىنىڭ قىممىتى بولىدۇ.

— ئېينىشتېين

ئوقۇتۇش تەتقىقاتى

# ماتېماتىكا مەشق دەرسى ۋە ئۇنى ئوقۇتۇش توغرىسىدا

ئابدۇرەھىم ئابباس

(ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش شۆبىيۇەنىدىن)

ماتېماتىكا مەشق دەرسى ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكچىلىكىدە دەرسخانا ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر خىل مەقسەتلىك، پىلانلىق پائالىيەت بولۇپ، ئۇ ماتېماتىكا ئوقۇتۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان ئاساسىي ئوقۇتۇش شەكىللىرىنىڭ بىرى.

ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ زېھنى ئىقتىدارى چەكلىك بولغانلىغى ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچى سۆزلىگەن (دەرسلىكتە بايان قىلىنغان) ئابستراكت قائىدە - قانۇنلارنى ئۇنداق ئاسانلا چۈشىنىپ كېتەلمەيدۇ، پەقەت ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى كۆپلىگەن مەسىلە - مىساللارنى ئىشلەپ مەشق قىلىش ئارقىلىقلا تەدرىجى ھالدا چۈشىنىپ ھەزىم قىلالايدۇ، مەشق قىلىش قېتىم سانىنىڭ مۇۋاپىق ھالدا كۆپىيىشى ۋە تەكرارلىنىشىغا ئەگىشىپ ئۆگىنىپ بولغان كونا - يېڭى ماتېماتىكا ئاساسىي ئۇقۇم ۋە قائىدە - قانۇنلىرىنى چۈشىنەلەيدۇ، مۇستەھكەملىيەلەيدۇ. شۇڭلاشقا ھازىرقى ئوتتۇرا مەكتەپ ماتېماتىكا دەرسلىكلىرىگە ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەشق قىلىشى ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان مەسىلە - مىساللار ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئەگەر بۇ مەسىلە - مىساللارنىڭ ھەممىسىنى تاپشۇرۇقتا بىرىپلا مەشق قىلدۇرىمىز دىسەك، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈكى تولىمۇ ئېغىرلاپ كېتىدۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشىدىكى مەسىلەرنىمۇ دەل ۋاقتىدا ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ بىزدىن دەرسخانا ئوقۇتۇشىنىڭ بىر قىسىم ۋاقتىنى ئاجرىتىپ قەدەم - باسقۇچلۇق ھالدا خىلمۇ - خىل مەشق دەرسلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

مەشق دەرسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇتقۇچى سۆزلىگەن ماتېماتىكا ئاساسىي ئۇقۇم ۋە قائىدە - قانۇنلىرىنى ئىگەللىگەن - ئىگەللىيەلمىگەنلىكىنى سىناشنىڭ ئەڭ ياخشى تەجرىبە مەيدانى، مەسىلە - مىساللارنى يېشىش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىش، توغرا ھەم تېز ھىساپلاش ئىقتىدارىنى ۋە ئاساسىي مەشق ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ بازىسى. مەشق دەرسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگەنگەن ماتېماتىكا ئاساسىي بىلىملىرىنى سىستېمىلاشتۇرۇش، ئومۇملاشتۇرۇشتا، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ مەسىلەرنى تەھلىل قىلىش ئىقتىدارىنى، لوگىكىلىق پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنى، بوشلۇقنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ۋە يۇقۇرى كۆتۈرۈشتىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى ئىسپاتلىدىكى، مەشق دەرسىنىڭ ياخشى - يامان ئوتۇلۇشى ماتېماتىكا ئوقۇتۇش سۈپىتىنىڭ يۇقۇرى - تۆۋەن بولۇشىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئامىللاردىن بىرى. شۇڭا مەشق دەرسىنى قانداق ئوتۇش، مەشق دەرسىنىڭ سۈپىتىنى يۇقۇرى كۆتۈرۈش ماتېماتىكا ئوقۇتۇشىدا تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلەردىن بىرى.

مەشق دەرسى مەشق قىلىشنىڭ مەقسىدى، ۋەزىپىسى ۋە تەلىۋىنىڭ ئوخشىماسلىغىغا قاراپ

ئۇۋەندىكىدەك 3 تۈرگە بولۇنىدۇ:

بىرىنچى، دەسلەپكى باسقۇچتىكى مەشق دەرسى. بۇ باسقۇچتىكى مەشق دەرسىنىڭ مەقسەدى— ئوقۇغۇچىلارغا تېخى يېڭىلا ئۆگەتكەن ئاساسىي بىلىملەرنى ھەقىقى تۈردە چۈشەندۈرۈش ۋە ئىگەللىتىش ھەمدە بۇ ئاساسىي بىلىملەرنى قوللىنىشنىڭ ئاساسىي ماھارىتىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئۆگىتىشتىن ئىبارەت. بۇ خىل مەشق ئادەتتە كۆپىنچە يېڭى دەرس سۆزلىنىپ ئوقۇتقۇچى ئۆلگىلىك مىساللارنى كۆرسىتىپ بولغاندىن كېيىن شۇ سائەتلىك دەرسنىڭ ئۆزىدىلا ياكى كېيىنكى قېتىملىق دەرستە ئۆيۈشتۇرۇلىدۇ. بۇ باسقۇچتىكى مەشقنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ۋاقىت قىس بولغانلىقى ئۈچۈن، مەشق قىلىنىدىغان مەسىلە - مىساللار ئاساسەن يېڭى دەرس دائىرىسىدىكى ئەڭ ئاساسى، ئەڭ زورۇر بىلىملەر ۋە ئۇسۇللار بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، كۆپىنچە ئىخچام جاۋاپ بېرىدىغان، كۆڭۈلدە ھېساپلايدىغان، تەقلىد قىلىپ ئىشلەيدىغان مەشقلەردىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇ خىل مەسىلە - مىساللار ھازىرقى دەرسلىك كىتاۋىمىزدا "مەشق" نامى بىلەن بېرىلگەن بولۇپ، ئۇنى يېڭى دەرس سۆزلەش سائىتىدە ئىشلىتىپ تۈگىتىشنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم. بۇ باسقۇچتىكى مەشق ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېڭى دەرسنى ياخشى چۈشىنىشى ۋە ئاساسىي مەشق ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇڭا بۇ جايدىكى مەسىلە - مىساللارنى ئارقىدا قالغان ئوقۇغۇچىلارمۇ ئىشلىيەلەيدىغان بولغاندىلا ئاندىن ئىككى ئاساس ئوقۇتۇشنى چىڭ تۇتۇشتىن سۆز ئاچقىلى بولىدۇ. شۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەككى، بۇ باسقۇچتىكى مەشقنىڭ دەسلىۋىدىلا ئوقۇغۇچىلارغا قاتتىق تەلەپ قويۇپ، يېڭى ئوقۇمنى تەكرار ئۆگىتىش، توغرا - خاتانى سېلىشتۇرۇش، خاتانى توغرىلاش، خاتالىقنىڭ سەۋەۋىنى تەھلىل قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىش ئارقىلىق خاتا ئۇقۇم، ناتوغرا ئۇسۇللارنى قوللىنىشقا يول قويماسلىق لازىم، چۈنكى خاتالىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنىڭدىن ساقلىنىش خاتالىقنى تۈزىتىشتىنمۇ مۇھىم. شۇنداقلا بۇنى ئۇرۇنلاشمۇ ئاسانغا توختايدۇ. ئەگەر بۇ باسقۇچتا كىچىككىنە خاتالىققا يول قويۇلىدىغان ياكى سەل قارىلىدىغان بولسا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مېڭىسىدە خاتا نەرسىلەر ئورۇنلىشىپ قېلىپ ئۇنى قايتىدىن توغرىلاش تولىمۇ قىيىنغا توختايدۇ.

ئىككىنچى، پىششىق قوللىنىش باسقۇچىدىكى مەشق دەرسى. بۇ باسقۇچتىكى مەشقنىڭ مەقسىدى— ئوقۇغۇچىلار دەسلەپكى قەدەمدە يېڭى ئىگەللىگەن ئاساسىي بىلىم، ئاساسىي ماھارەتنى پىششىق ئىگەللىتىش، مۇستەھكەملەش ھەمدە ئۇنى بۇنىدىن بۇرۇن ئىگەللەپ ئالغان ئاساسىي بىلىم، ئاساسىي ماھارەتلەر بىلەن باغلاشتۇرۇپ بىر سىستېما قىلىۋېتىشتىن ئىبارەت. بۇ خىلدىكى مەشق دەرسى بىر - بىرىگە زىچ باغلىنىشلىق بىر نەچچە كىچىك پاراگراپ ياكى بىر چوڭ پاراگراپ دەرس ئوتۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ، بەزىدە يېڭى ئوتۇلگەن بىر كىچىك پاراگراپ دەرستىن كېيىنمۇ مەشق دەرسى ئۇيۇشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، بۇ، شۇ يېڭى بىلىمنىڭ پۈتكۈل ماتېماتىكىدىكى تۇتقان ئورنىغا، ھەجمىگە، قىيىنلىق دەرىجىسىگە، ئالدى - كەينىدىكى بىلىملەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ باسقۇچتا مەشق قىلىنىدىغان مەسىلە - مىساللار مۇۋاپىق ھالدا تەكرارلىنىشى، ۋەكىللىك خاراكتېرى بولۇشى، ئوقۇغۇچىلارنى ئاكتىپ پىكىر قىلدۇرۇشقا يېتەكلەپ ئۇلارغا ھەر خىل مەسىلە - مىساللارنى يېشىشنىڭ ئاساسىي ئۇسۇللىرى بىلەن قانۇنىيەتلىرىنى ئىگەللىتىشى، مەسىلە - مىساللارنى توغرا، تېز ئىشلەش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشى

لازىم. دەرسلىك كىتاۋىمىزدا "كونۇكمە" نامى بىلەن بېرىلگەن مەسىلە - مىساللار دەل مۇشۇ باسقۇچتىكى مەشىق دەرسلىرىدە ئىشلىتىشكە مۇۋاپىق كېلىدۇ، "كونۇكمە" دىكى مەسىلە-مىساللارنىڭ 70% تىنى دەرسخانىدا ئىشلىتىپ بولالىغاندىلا ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقۇرى كۆتەرگىلى ھەمدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللەتكىلى بولىدۇ. بۇ باسقۇچتىكى مەشىق دەرسىدە يېڭى ئارقىلىق كونىنى ئېلىپ مېڭىشقا، يېڭى بىلەن كونىنى ئۆزئارا زىچ بىرلەشتۈرۈشكە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش ئىقتىدارىنى، ئەقلىي يەكۈن چىقىرىش ئىقتىدارىنى ۋە مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش زورۈر.

ئۈچىنچى، جانلىق ئىشلىتىش باسقۇچىدىكى مەشىق دەرسى. بۇ باسقۇچتىكى مەشىق دەرسى ئوقۇغۇچىلار ئاساسىي مەشىق ماھارىتىنى بىر قەدەر پىششىق ئىگەللىگەن ھەمدە بىر باپ دەرسنى ئۆگىنىپ بولغان شەرت ئاستىدا ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭ مەقسىدى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاساسىي مەشىق ماھارىتىنى ئىنتايىن مۇستەھكەملەش، لوگىكىلىق پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنى ۋە بىر باسقۇچ (بىر باپ) تا ئۆگەنگەن ماتېماتىكا بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ جانلىق ئىشلىتىش ماھارىتىنى يۇقۇرى كۆتىرىش، روشەن ھالدىكى تەھلىل ۋە ئومۇملاشتۇرۇشنى ئېلىپ بارالايدىغان، ھىساپلاش ۋە مەسىلە - مىساللارنى يېشىشنى ئىنتايىن پىششىق ئېلىپ بارالايدىغان قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ باسقۇچتا ئىشلىتىلىدىغان مەشقلەرنىڭ مەزمۇنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمىلىي سەۋىيىسىگە ماس ھالدا نىسبەتەن قىيىنراق، چوڭقۇرراق بولۇشى، چېتىلىش دائىرىسى نىسبەتەن كەڭرەك، جانلىقلىغى نىسبەتەن يۇقۇرى بولۇشى شەرت. بۇ خىل مەسىلە - مىساللار دەرسلىك كىتاۋىمىزدا "تەكرار"، "ئومۇمى تەكرار" نامى بىلەن بېرىلگەن.

مەشىق دەرسى ھەققىدە مۇھاكىمە بولغاندا، ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى قانداق قىلغاندا مەشىق دەرسىدە كۆپلەپ مەسىلە - مىساللارنى ئىشلەتكىلى، مەشىق دەرسىنىڭ ئەمىلىي ئۈنۈمىنى يۇقۇرى كۆتەرگىلى، يەنىمۇ ئېنىق ئېيتساق، قانداق قىلغاندا مەشىق دەرسىنى ياخشى ئۆتكىلى بولىدۇ، دىگەندىن ئىبارەت. مەشىق دەرسىنىڭ ياخشى ئۆتۈلۈشى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، دەرسلىك كىتاپ قاتارلىق بىر قانچە تەرەپلەرگە باغلىق، ئاساسلىغى ئوقۇتقۇچىغا باغلىق. مەشىق دەرسىنى ياخشى ئۆتۈشنى ئويلىغان ھەر بىر ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىغا كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ئۇنى ئەمىلىيەتتە ئىجرا قىلىشى لازىم:

1. ئەڭ ئاۋال مەشىق دەرسىنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماتېماتىكا ئاساسىي بىلىملىرىنى پىششىق ئىگەللەش، مۇستەھكەملەش ۋە ئاساسىي مەشىق ماھارىتىنى، ھەر خىل ئىقتىدارلىرىنى يېتىلدۈرۈشتىكى مۇھىم رولىنى ھەقىقى تۈردە چۈشىنىپ، مەشىق دەرسىنى ياخشى ئۆتۈشنىڭ مۇھىملىغىغا بولغان تونۇشنى توغرىلاش لازىم.

بەزى ئوقۇتقۇچىلار مەشىق دەرسىنى ئۆتۈش نۆۋىتى كەلگەندە "ئەتە ھىساپ ئىشلىتىمەن، بىر قانچە ھىساپ بەلگىلەپ قويسام بولىدى" دەپ قاراپ، مەشىق دەرسىگە ئەستايىدىل تەييارلىق قىلمايدۇ، سائەتلىك پىلان تۈزمەيدۇ. ھەتتا بەزى ئوقۇتقۇچىلار يېڭى دەرس ئۆتۈشكە تولۇق تەييارلىق قىلالمىغان بولسا، ئۇشتۇمتۇت پىلانىنى ئۆزگەرتىپ، سىنىپقا كىرگەندە بىر قانچە ھىساپنى دوسكىغا يېزىپ قويۇپ بىر سائەت دەرس ۋاقتىنى پىلانسىز ۋە مەقسەتسىزلا ئۆتكۈزىۋېتىدۇ. بۇ مەشىق دەرسىنىڭ مۇھىملىغى، ئورنى ۋە رولىغا بولغان تونۇشنىڭ تۆۋەنلىگىنى كۆرسىتىدۇ. مەشىق دەرسى ماتېماتىكا ئوقۇتۇشىدا كۆپ قوللىنىلىدىغان بىر خىل

دەرس تۈرى، يېڭى دەرس ئۆتۈش سائىتىدە ئوقۇغۇچىلارغا ماتېماتىكا ئاساسىي بىلىملىرى يەتكۈزۈلىدۇ، مەشق دەرس سائىتىدە بولسا يېڭى بىلىم مۇستەھكەملىنىدۇ ۋە ئۇنى قوللىنىپ مەسىلىلەرنى يېشىشنىڭ ماھارىتى ئىگەللىتىلىدۇ. يەنە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئائىلىدە تاپشۇرۇق ئىشلىشى بىلەن دەرسخانىدا مەشق قىلىپ ھېساپ ئىشلىشىنىڭمۇ رولى ئوخشىمايدۇ، تاپشۇرۇق ئىشلەشنى ئوقۇتقۇچى نازارەت قىلىپ تۇرالمايدۇ، خاتالىقلارنى ۋاقتىدا تۈزىتىپ بارالمايدۇ، ھەتتا ئوقۇغۇچىنىڭ مۇستەقىل ئىشلىگەن-ئىشلىمىگەنلىكىنى تەكشۈرۈشمۇ تەس. مەشق دەرسىدە بولسا ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەسىلە - مىساللارنى ئىشلىشىگە بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلىدۇ، بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈش بىلەنلا ھەممىنى كۆرەلەيدۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي سەۋىيىسىنى، قايسى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا قىيىنىلىدىغانلىقىنى، قايسى خىلدىكى مەسىلىلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك ھەل قىلالمايدىغانلىقىنى، كىملەرنىڭ ھېساپلىشى تېز، كىملەرنىڭ پىكىر قىلىشى ئاجىز ئىكەنلىكىنى ئوچۇق كۆرۈۋالالايدۇ. ئوقۇتقۇچى ئەھۋالغا ئاساسەن نەق مەيداندىلا خاتالىقلارنى كۆرسىتىپ تۈزىتىدۇ، قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ھەر خىل مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش، تەكرار مەشق قىلدۇرۇش، ئومۇملاشتۇرۇپ يەكۈن چىقىرىش قاتارلىق خىلمۇ - خىل چارە - تەدبىر، شەكىللەرنى قوللىنىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا ماتېماتىكا ئاساسىي بىلىملىرىنى پۇختا ئىگەللىتەلەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئاساسىي مەشق ماھارىتىنى، مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرەلەيدۇ. شۇڭلاشقا مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئائىلە تاپشۇرۇقىغا قارىغاندا دەرسخانا مەشقىنىڭ ئۈنۈمى زور.

2. ھەر قېتىملىق مەشق دەرسىنىڭ پىلانى بولۇشى، ئېنىق مەقسەت، تەلۋى بولۇشى ۋە قاراتمىلىقى بولۇشى لازىم.

مەشقىنىڭ پىلانى دېگىنىمىز— قايسى چاغدا قانداق مەزمۇنلارنى مەشق قىلىش، قانچىلىك مەشق قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا كۆڭۈلدە سان بولۇشى، يېڭى دەرس ئۆتكەندىكىدەك ياخشى سائەتلىك پىلان ۋە پۇختا تەييارلىق بولۇشى لازىم، دېگەنلىكتۇر. ئېنىق مەقسەت، تەلۋى بولۇشى لازىم دېگىنىمىز — قانداق مەزمۇنلارنى نۆۋەتلىك تەكرار مەشق قىلدىغانلىقىنى، مەشقىنىڭ نەزىرىيە جەھەتتە نېمىنى ھەل قىلىدىغانلىقىنى، بۇنى ئەمەلىيەتتە ھەل قىلىشنىڭ قەدەم - باسقۇچ ۋە ئۇسۇللىرىنى ھەمدە قانداق سەۋىيىگە يەتكۈزىدىغانلىقىنى ئالدىنئالا ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش دېگەنلىكتۇر. قاراتمىلىقى بولۇشى لازىم دېگىنىمىز — مەشق دەرسىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ ئۆتۈش، ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن مەسىلە - مىساللارنى تاللاش، تۈرلەرگە ئايرىش، رەت تەرتىۋىنى بەلگىلەش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بىلەن كارى بولماي كىتاپ بويىچىلا ياكى باشقىلارنىڭ مەشق پىلانى بويىچىلا ئىش قىلماسلىق، دېگەنلىكتۇر.

3. ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكچىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەسىلە- مىسال ئىشلىشىنى ئاساس قىلغاندىلا مەشق دەرسىنىڭ ئۈنۈمىنى يۇقۇرى كۆتەرگىلى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاساسىي مەشق ماھارىتىنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ.

ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكچىلىك رولىنى تولۇق ۋە توغرا جارى قىلدۇرۇش - قىلدۇرالماسلىق مەشق دەرسىنى ياخشى ئۆتۈشنىڭ ئاچقۇچى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇتقۇچى دەرسكە ئىنتايىن ياخشى، ئەتراپلىق تەييارلىق قىلىشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ياخشى بىلىشى، مەشق دەرسىدە يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان مەسىلىلەرنى ئالدىنئالا مۆلچەرلىشى ۋە ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ چارە - تەدبىرلىرىنىمۇ ئويلاپ قويۇشى، ئوقۇغۇچىلارنى تەشكىللەشكە، يېتەكلەشكە، ئىلھاملاندۇرۇشقا، قىسقا - قىسقا يەكۈن

لەرنى چىقىرىپ ھەر خىل تىپتىكى مەسىلە - مىساللارنى يېشىشنىڭ ئۇسۇللىرىنى ئىگەللىتىشكە ماھىر بولۇشى، ئىنتايىن جانلىق بولۇشى، چەكلىك ۋاقىت ئىچىدە كۆپرەك مەسىلە - مىساللارنى ئىشلىتىشى شۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەجرىبە بىلىمىنى مۇستەھكەملىشى ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇشى لازىم. بىر تەرەپلىمە ھالدا مەشىق دەرسىنى "ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ھېساپ ئىشلەش ۋاقتى" دەپ قاراپ بىر قانچە مەسىلە - مىساللارنى كۆرسىتىپ بېرىپ ھېچنېمىدە كارى بولماي بىر چەتتە قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرۇشقا بولمايدۇ. ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا مەشىق دەرسى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئائىلىدە تاپشۇرۇق ئىشلىشىنىڭ ھېچقانداق پەرقى بولمايدۇ.

ئوتتۇرا مەكتەپ مەشىق دەرسىنىڭ مەقسىدى — ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماتېماتىكا ئاساسىي بىلىملىرىنى مۇستەھكەملەش ۋە ئاساسىي مەشىق ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت. ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىدىن مەلۇمكى، مۇۋاپىق ھالدا كۆپ مەشىق قىلدۇرۇش ئوقۇغۇچىنىڭ ھەر خىل ماھارەتلىرىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىسى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەشىق دەرسىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەشىق قىلىشىنى ئاساس قىلىش لازىمكى، ھەرگىزمۇ ئوقۇتقۇچىنىڭلا ئىشلەپ بېرىشىنى ئوقۇغۇچىنىڭ مەشىق قىلىشىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە بولمايدۇ.

4. ئۈلگىلىك مىسالنى ياخشى تاللاش ۋە ياخشى چۈشەندۈرۈش مەشىق دەرسىنى ياخشى ئۆتۈشنىڭ بىر مۇھىم ھالقىسى. كۆرسىتىلىدىغان ئۈلگىلىك مىساللار ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە بولۇشى، توپ ماھىيەتنى ئەكس ئەتتۈرۈشى، ئوقۇغۇچىلارغا مەسىلە - مىساللارنى يېشىشنىڭ ئۇسۇللىرىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان بولۇشى، شۇنداقلا قەدەم - باسقۇچلىرىنى، يېزىش، ئىپادىلەش شەكىللىرىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان بولۇشى لازىم.

5. ئوقۇغۇچىلارغا ئىشلىتىدىغان مەسىلە - مىساللارنى ياخشى تاللاش، تىپلارغا ئايرىش ۋە رەت تەرتىۋىنى توغرا ئورۇنلاشتۇرۇش — مەشىق دەرسىنى ياخشى ئۆتۈشنىڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن بىرى.

مەسىلە - مىساللارنى تاللاش ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، مەشىق دەرسىنىڭ پىلانلىق، ئېنىق، مەقسەتلىك ۋە قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ئۆتۈلۈشى مەسىلە - مىساللارنىڭ تاللىنىشى بىلەن گەۋدىلىنىدۇ. مەسىلە - مىساللارنى تاللىغاندا "مېغىزلىق"، "مۇۋاپىق" بولۇشنى ئورۇنلاش لازىم. "مېغىزلىق" دېگىنىمىز — مەشىق قىلدۇرۇشقا تاللىغان مەسىلە - مىساللىرىمىز ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە بولۇشى لازىم دېگەنلىكتۇر؛ "مۇۋاپىق" دېگىنىمىز — سانى بەك كۆپ ياكى بەك ئاز بولۇپ كەتمەسلىكى، بەكمۇ چوڭقۇر ياكى بەكمۇ ئاددى - تېيىز بولۇپ كەتمەسلىكى لازىم، دېگەنلىكتۇر. مەسىلە - مىساللارنى ياخشى تاللاش ۋە رەت تەرتىۋىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچى دەرسخانىغا ئېلىپ كىرمەكچى بولغان ھەممە مەسىلە - مىساللارنى ئىشلەپ چىقىشى ھەمدە ھەر بىر ھېساپنىڭ ئالاھىدىلىكى، مەشىقتىكى ئەھمىيىتى، قىيىنلىقى، ئىشلەش ئۈچۈن كېتىدىغان ۋاقىت قاتارلىقلارنى ئالدىن ئىگەللەپ چىقىش لازىم. رەت تەرتىۋىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا، ئاددىيدىن مۇرەككەپكە قاراپ ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم.

6. توغرا بولۇش بىلەن تېز بولۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش مەشىق دەرسىدە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم بىر مەسىلە. توغرا بولۇش تېز بولۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى، توغرا بولۇشتىن ئايرىلغان تېزلىك ماتېماتىكا ئۈچۈن ئېيتقاندا ئەھمىيەتسىز. لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن شۇنىمۇ دىققەت قىلىش كېرەككى، تېزلىك ئىقتىدارنىڭ كۈچلۈك - ئاجىزلىقىنىڭ بەلگىسى. مەشىق جەريانىدا ئىككىلا تەرەپكە كۆڭۈل بولۇش زۆرۈر. مەشىق يېڭى باشلانغاندا توغرا بولۇشنى تەكىتلەش، تېز بولۇشنى قوغلاشماسلىق، توغرا بولۇش تەلەۋ-

گە يەتكەندىن كېيىن نۇقتىلىق ھالدا تېز بو-
لۇشنى تەكتلەش لازىم.

7. ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەييارلىقى بولغان ئا-
ساستا مەشىق دەرسىگە قاتناشتۇرۇش — مەشىق
دەرسنى ياخشى ئوتۇش ئۈچۈن ئوقۇتقۇچـــى
قىلىدىغان تەييارلىقنىڭ يەنـە بىر تەرىپى. پە-
قەت ئوقۇتقۇچىدىلا تەييارلىق بولۇپ، ئوقۇغۇ-
چىلارنىڭ تەييارلىقى بولمىسا، مەشىق دەرسىدە
ئوقۇتقۇچىنىڭ ئارتۇقچە "كۆچەپ" كېتىشـــنى،
ئوقۇغۇچىلارنىڭ "زېرىكىپ" قېلىشىنى كەلتۈرۈپ
چىقىرىشى مۇمكىن، بۇنداق بولغاندا ئوقۇغۇچى-
لارنىڭ مەشىق قىلىشىنى ئاساس قىلغىلـى بول-
مايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەشىق دەرسىنى ئوتۇش-
تىن ئاۋال ئوقۇغۇچىلارغا ئوتكۈزۈلمەكچى بول-
غان مەشىق دەرسىگە مۇناسىۋەتلىك ماتېماتـــكا
بىلىملىرىنى ئوقۇپ كېلىشكە تاپشۇرۇش، دائىم
قوللىنىلىدىغان فورمۇلا ۋە تۇراقلىق مىقدارلار-
نى پۇختا ئەستە ساقلاشنى تەلـەپ قىلـــش،
مەشىق دەرسىنى باشلاشتىن ئاۋال ئوقۇغۇچىلار-
دىن سوئال سوراش (ئوقۇتقۇچى سوزلەپ بې-
رىش) ئارقىلىق يادىغا سېلىپ تۇرۇش، دەرستە
ئىشلىتىلىدىغان كىتاپ، دەپتەر، قەلەم، جەدۋەل،
سىزغۇچ، سىركول قاتارلىقلارنىمۇ تولـۇق تەي-
يارلىتىش كېرەك.

8. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى نە-
زەردە تۇتۇش— مەشىق دەرسنى ياخشـــى ۋە
جانلىق ئوتۇشتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر
ئىش. ئەمەلىي ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇش مەشىق
دەرسنى ياخشى ئوتۇشتـە دىققەت قىلىشقا تې-
گىشلىك ئىش بولۇپلا قالماستىـن، بەلكى پۈت-
كۈل ئوقۇتۇش جەريانىدىمۇ دىققەت قىلىشقـــا
تېگىشلىك ئىش، شۇنداقتىمۇ، بۇ، مەشىق دەرس-
دە ئىنتايىن گەۋدىلىك ئەكس ئېتىدۇ. چۈنكى
ھەر قانداق سىنىپتا ئەلا، ئوتتۇرا ۋە ناچارلار-
دىن ئىبارەت 3 خىل ئوقۇغۇچـى بولىدۇ. ئە-
گەر ھەممە ئوقۇغۇچىغا بىردەك تەلەپ قويساق،
ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەشىق ئىشلەش سۈرئىتى، قىز-
غىنلىقى، دەرسخانا ئىنتىزامى قاتارلىق جەھەت-
لەردە مەسىلە چىقىدۇ، شـۇنىڭ ئۈچۈن زور
كوپچىلىكنى تەشكىل قىلغان ئوتتۇراھال ئوقۇ-
غۇچىلارنى ئاساس قىلىـپ، ئەلا ئوقۇغۇچـــلار
بىلەن ناچار ئوقۇغۇچىلارغا تەڭ ئېتىۋار بېرىپ،
مەسىلە - مىساللارنى تاللاش، رەتلـەش، تىپ-
لارغا ئايرىش، تېزلىكنى بەلگىلەش كېرەك.

ناچار ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا، مەشىق دەرس-
دىكى مەسىلە - مىسالـلارنىڭ سانىنى مۇۋاپىق
مىقداردا ئازايتىش، قىيىنلىـق دەرىجىسىنىمـــۇ
مۇۋاپىق ھالدا تۆۋەنلىتىـــش، ئۇلارنىڭ مەشىق
ئىشلىشىگە كوپرەك يۈزمۇ - يۈز يېتەكچىلىـك
قىلىش، كوپرەك ئىلھاملاندۇرۇش، ماتېماتىكىنى
ياخشى ئۆگىنىش ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزۇش لازىم.
ئۇلارغا يـاردەم بەرگەندە پەقەت خاتالىقلىرىنى
توغرىلاپ بىلىم تولۇقلاش بىلەنلا چەكلىنىـــپ
قالماستىن، ئەڭ مۇھىمـى ئۇلارغا بىلىم ئىگەل-
لەشنىڭ "ئالتۇن ئاچقۇچ" ىنى بېرىش كېرەك.

ئەلا ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا، مەشىق دەرسىدە
باشقا ئوقۇغۇچىلاردىن ئالاھىدە قىلىپ مۇۋاپىق
مىقداردىكى تاللاپ ئىشلەيدىغان نىسبەتەن قى-
يىنراق، جانلىقلىقى يۇقۇرىراق بولغان مەسىلە-
مىساللارنـى بېرىـپ ئۇلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى
جارى قىلدۇرۇش، ئىجادىـي ئۇسۇللىرى بولسا،
تەقدىرلەش ئارقىلىق داۋاملىق ئالغا بېسىشـــقا
ئىلھام بېرىشى لازىم. ئەلا ئوقۇغۇچىلارغىمـــۇ
پەقەت بىلىم جەھەتتىلا ياردەم بېرىپ قالماس-
تىن، مۇھىمى ئۇلاردا ئوزلىكىدىن ئۆگىنىـــش،
مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشكە
ۋە تەھلىل قىلىـش، لوگىكىلىق پىكىر قىلىـــش
ئىقتىدارلىرىنى يېتىلدۈرۈشكـە تۇرتكە بولـۇش
لازىم.

9. مەشىق دەرسىدە ئوقۇغۇچىلار ئىشلىگەن
مەسىلە - مىساللارنى يەكۈنلەپ باھا بېرىـــش
كېرەك. بۇنىڭ ئىككى تەرەپلىمە ئەھمىيىتـــى
بار: بىرىنچىدىن، ئوقۇغۇچىلارنى ئىلھاملاندۇرۇپ،
ماتېماتىكىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئۆگىنىش ئى-
شەنچىسىنى كۈچەيتىشكە، جاپاغا چىداپ قېتىرقى-
نىپ ئۆگىنىش ھەۋىسىنى قوزغاشقـــا بولىدۇ؛

(ئاخىرى 6 - بەتتە)

# بالىلارنىڭ ئىجادىيەت قابىلىيىتىنى كىچىكىدىن يېتىلدۈرۈش لازىم

ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئالغا بېسىشى، بولۇپمۇ پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققى قىلىشى ئىجادىيەتتىن ئايرىلالمايدۇ. ئىجادىيەت ۋە كەشپىيات بولمىغان بولسا ئىنسانلارنىڭ بۈگۈنكى كۈنىمۇ بولمايتتى. ئىجادىيەت قابىلىيىتى ئادەملەرنىڭ مۇستەقىل ئىجادىيەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشتىكى بىر خىل ئالىي تەپەككۇر قابىلىيىتىدۇر. بىر ئادەمنىڭ ئىجادىيەت قابىلىيىتى ئۇزۇن مەزگىل ھەر تەرەپتىن يېتىلدۈرۈشكە مۇھتاج بولۇپ ئاندىن تەدرىجىي تەرەققى قىلىدۇ. شۇڭلاشقا بالىلارنىڭ ئىجادىيەت قابىلىيىتىنى كىچىكىدىن يېتىلدۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. باشلانغۇچ مەكتەپ ماتېماتىكا ئوقۇتۇشىدا بالىلارنىڭ ئىجادىيەت قابىلىيىتىنى قانداق يېتىلدۈرۈش لازىم؟ مېنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەسىراتىم تۆۋەندىكىچە:

## 1. ئوقۇغۇچىلارنىڭ چىن كۆڭلىدىن بىلىم ئېلىش قىزغىنلىقىنى يېتىلدۈرۈش

يېڭى بىلىمنى ئۆتۈشتىن بۇرۇن دائىم ئامال قىلىپ ئالدى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى ئۆگەنمەكچى بولغان مەسىلىگە قارىتا قىزىقتۇرۇپ، يېڭى بىلىم ئېلىشنى جىددىي تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەت بىر خىل ئارزۇنى بارلىققا كەلتۈردۈم. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئۆگىنىش جەريانىدا ئاندىن ئاڭلىق ئاكتىپ ھالدا مىڭە ئىشلىتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆگىنىپ ئىجادىيەت قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرالىدى. مەسىلەن، "چەمبەرنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقى" دېگەن پاراگرافنى ئۆتۈشتە، دەرستىن بۇرۇن ئوقۇغۇچىلارغا ئايرىم ھالدا ئۆزى تاللىغان چەمبەرسىمان جىسىملارنىڭ دىئامېتىرى بىلەن ئايلانما ئۇزۇنلۇقىنى ئۆلچەتكۈزدۈم. دەرس ئۆتكەندە ئوقۇغۇچىلار دىئامېتىرىنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭغا ئۇلاپلا چەمبەر ئايلانمىسىنى ئېيتتىم. مۇشۇنداق بىر قانچە قېتىم مەشىق قىلىش ئارقىلىق مەن ئېيتقان چەمبەر ئايلانمىسى بىلەن ئۇلار ئۆلچىگەن سانلىق مەلۇماتلار ئاساسىي جەھەتتىن بىردەك بولدى. بۇ ۋاقىتتا ئوقۇغۇچىلار ئەجەپلىنىپ، بۇ يەردە قانداق سىر بار؟ دېدى. سىلەر بۇ سىرنى بىلمەكچى بولساڭلار، بۇ دەل بىز بۈگۈن ئۆتمەكچى بولغان مەزمۇن — چەمبەرنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقىدىن ئىبارەت دېدىم. شۇنداق قىلىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشكە بولغان زېھنى مەركەزلىشىپ، قىزىقىشى ئاشتى.

## 2. ئىختىيارى پىكىر بايان قىلىشتەك ئۆگىنىش ئىستىلىنى شەكىللەندۈرۈش

ئوقۇتۇشتا ئوقۇغۇچىلارنى ئاكتىپ پىكىر قىلىشقا، خاتا سۆزلەپ قويسىمۇ كېرەك يوق دەپ ئىلھاملاندۇرۇپ يېتەكلەشكە ناھايىتى دىققەت قىلدىم. ساۋاقداشلاردا ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەر بولسا مۇزاكىرە قىلىشنى تەشەببۇس قىلدىم، ھەتتا بەس - مۇنازىرىگە سالدىم. مەسىلەن، كەسىرلەرنى كۆپەيتىشنى ئوقۇتقاندا تۆۋەندىكى مىسالنى ئوتتۇرىغا قويدۇم: $11 \times \frac{19}{20}$ نى ئىشلەشتە، ئوقۇغۇچىلارنى قانچە خىل ھىساپلاش ئۇسۇلىنىڭ

بارلىغى ھەققىدە مۇزاكىرىگە سالدىم. ئوقۇغۇچىلار ئاكتىپ مۇھاكىمە قىلىپ تالىشىپ پىكىر قىلدى.

بەزى ئوقۇغۇچىلار كەسىرنى پۈتۈن سانغا كوپەيتىش قائىدىسىگە ئاساسەن مۇنداق ھېسابلىسا بولىدۇ دېدى:

$$\frac{19}{20} \times 11 = \frac{19 \times 11}{20} = \frac{209}{20} = 10\frac{9}{20}$$

بەزىلىرى كوپەيتىشنىڭ تارقىتىش قانۇنىغا ئاساسەن مۇنداق ھېسابلىسا بولىدۇ دېدى:

$$\frac{19}{20} \times 11 = \frac{19}{20} \times (10 + 1) = \frac{19 \times 10}{20} + \frac{19}{20}$$

$$= \frac{209}{20} = 10\frac{9}{20}.$$

بەزىلىرى كوپەيتىش ئەمەلىنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن مۇنداق ھېسابلىسا بولىدۇ دېدى:

$$\frac{19}{20} \times 11 = (1 - \frac{1}{20}) \times 11 = 11 - \frac{11}{20}$$

$$= 10\frac{9}{20}.$$


ئارقىدىنلا مەن يەنە يۇقۇرىدىكى ئۈچ خىل ئۇسۇلنىڭ قايسىسى ئەڭ ئاسان بولىدۇ؟ دەپ ئوتتۇرىغا قويدۇم، ئوقۇغۇچىلار قىزغىن پىكىرلىشىپ كەتتى. بەزىلىرى ئىككىنچى خىل ئۇسۇل ئاسان دېسە، بەزىلىرى ئۈچىنچى خىل ئۇسۇل ئاسان دېدى، ھەرقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ داۋىسىنى قويۇشتى. ئاندىن كېيىن باھالاشقا قويسام كوپ ساندىكى ئوقۇغۇچىلار ئۈچىنچى خىل ئۇسۇلنىڭ ياخشىلىقىنى قۇۋۋەتلىدى. سەۋەبى، بۇنىڭدا ئېغىزچە ھېسابلاپ نەتىجىسىنى چىقارغىلى بولىدۇ.

شۇنداق قىلىپ ئوقۇغۇچىلار مۇستەقىل مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق بىر قانچە خىل ئوخشاش بولمىغان ھېسابلاش ئۇسۇللىرىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، ھەممىدە ھەر قايسىسىنىڭ داۋلى ۋە پاكىتلىرىنى سوزلىدى. بۇ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ناھايىتى زور بولغان ئىجادىيەت تەر- كىپكە ئىگە، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا مۇشۇنداق ئوتتۇش ئارقىلىق بالىلارنىڭ ئىجادىيەت قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش مەقسىدىگە يەتتىم.


## 3 . ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىمىنى بېيىتىش

بۇنىڭ ئۈچۈن دائىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇرىنى قوزغىيالايدىغان بەزى مەشىق قىلىش مەسىلىلىرىنى پىلانلاپ ئوقۇغۇچىلارغا مۇستەقىل ئىشلەتكۈزدۈم. بۇ مەسىلىلەرنى ئومۇمەن ئۈچ خىلغا بۆلۈشكە بولىدۇ: بىرىنچىسى ئومۇملاشتۇرۇپ مەشىق قىلىش مەسىلىلىرى، مەسىلەن، "ئايلانما ئۇزۇنلىقى 36 سانتىمېتىردىن بولغان بىر تىك تۆت بولۇڭ بىلەن بىر كۋادرات بار، تىك تۆت بولۇڭنىڭ كەڭلىكى ئۇزۇنلىقىنىڭ $\frac{1}{5}$ گە تەڭ بولسا، بۇ تىك تۆت بولۇڭنىڭ يۈزى كۋادراتنىڭ نەچچىدىن نەچچىسىگە تەڭ؟" بۇ مەسىلىنى يېشىشتە تىك تۆت بولۇڭ ۋە كۋادراتنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلىقى ھەم يۈزىگە مۇناسىۋەتلىك ئۇقۇملار، ھېساپلاشلار، كەسىرگە مۇناسىۋەتلىك بولغان بىلىملەر قوللىنىلىدىغانلىقتىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىمنى ئومۇملاشتۇرۇپ قوللىنالايدىغان قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. ئىككىنچىسى تەتۈر يېشىلىدىغان مەشىق قىلىش مەسىلىلىرى، مەسىلەن، "تىك بولۇڭلۇق ئۈچبۇلۇڭ ABCدا AB = 4cm، AC = 3cm، BC = 5cm ئىكەنلىكى بېرىلدى. BC تەرەپتىكى ئېگىزلىك ADنىڭ ئۇزۇنلىقىنى تېپىڭلار."

بۇنىڭدا ئالدى بىلەن ABC ئۈچبۇلۇڭنىڭ يۈزىنى تېپىش لازىم. ئاندىن كېيىن BCنى ئاساس قىلغان ئېگىزلىكنى تېپىش لازىم. بۇنىڭدا مەلۇم قىيىنچىلىقلار بار.



ئۈچىنچىسى ئويلىنىشقا دائىر مەشق قىلىش مەسىلىلىرى. مەسىلەن، "تۆۋەندە بېرىلگەن رەسىم بولسا رادىيۇسى 10 سانتىمېتىر بولغان ئىككى تەڭ چەمبەرنىڭ $\frac{1}{4}$ ىدىن تەركىب تاپقان. سىزىقلار بىلەن سىزىلغان قىسمىنىڭ يۈزىنى تېپىڭلار". بۇ مەسىلە بىر قاراشتىلا پەقەت يېرىم چەمبەرنىڭ يۈزىدىن ئىككى تىك بولۇڭلۇق ئۈچبولۇڭنىڭ يۈزىنى ئېلىۋەتسە بولىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ، لېكىن ئۈچبولۇڭنىڭ ئاساسى ۋە ئېگىزلىكى مەلۇم ئەمەس. بۇ، باشقىچە ئويلىنىشقا سەۋەب



بولىدۇ. ئەگەر يۇقۇرقى سولدىكى رەسىمنى كېسىپ جۈپلەپ ئوڭدىكىدەك شەكىلگە كەلتۈرۈپ، ئەسلىدىكى ئىككى ئۈچبولۇڭنى جۈپلەپ بىر چوڭ تىك بولۇڭلۇق ئۈچبولۇڭ ھاسىل قىلساق، بۇ چوڭ ئۈچبولۇڭنىڭ ئىككى تىك تەرىپى چەمبەرنىڭ رادىيۇسى بولۇپ، مەسىلە ئوڭاي ھەل بولىدۇ. بۇ خىل مەسىلىلەردە كۆپ پىكىر يۈرگۈزىلىدىغانلىقتىن ھەم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشكە بولغان قىزىقىشىنى قوزغىغىلى، ھەم ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇرىنى كېڭەيتىپ، ئۇلارنى مول بىلىمگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

## 4. ئوقۇغۇچىلارنى ئىجاتكارلىق بىلەن تەسەۋۋۇر قىلىشقا يېتەكلەش

تەسەۋۋۇر بولسا بىر ئادەمنىڭ ئىلگىرى بار بولغان تەسەۋۋۇرنى پىششىقلاپ، ئۆزگەرتىپ يېڭى تەسەۋۋۇرنى ھاسىل قىلىدىغان روھى ھالەت جەريانى. ئۇ، ئادەمنىڭ دۇنيانى بىلىش ۋە دۇنيانى ئۆزگەرتىش جەريانىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئوقۇتۇشتا بىۋاستە كۆزىتىشكە بولىدىغان بەزى ئوبرازلاردىن پايدىلىنىشقا دىققەت قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى مۇھاكىمە، تەسەۋۋۇر قىلىشقا يېتەكلەپ، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشكە ياردەم بەردىم. مەسىلەن، پاراللېل تۆت تەرەپلىكنىڭ يۈزىنى ھېساپلاشنى ئۆتكەندە ئىككى-ئىككىدىن ئۆز ئارا تەڭ بولغان 4 دانە تاياقچىنى بىر تۆت تەرەپلىك قىلىپ مىخلاپ (تۆت بۇلۇڭىنى مەھكەم مىخلىۋەتمەستىن) ئوقۇغۇچىلارغا ئۆلگە كۆرسەتتىم. يەنى بۇ تۆت تەرەپلىكنىڭ تەرەپ ئۇزۇنلىقى بىلەن كەڭلىكى ئۆز ئارا تىك بولغاندا قانداق شەكىل ھاسىل بولىدىغانلىقى، يەنە ئىككى تەرىپىنى ئىتتىرىپ ئۇزۇنلىقى بىلەن كەڭلىكى ئۆز ئارا تىك بولمىغاندا قانداق شەكىل ھاسىل بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتتىم. ئارقىدىنلا بۇ تىك تۆت بۇلۇڭ بىلەن پاراللېل تۆت تەرەپلىكنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقلىرى ئۆز ئارا تەڭ بولسا، ئۇلارنىڭ يۈزى ئۆز ئارا تەڭ بولامدۇ - تەڭ بولمامدۇ؟ پاراللېل تۆت تەرەپلىك ئېگىزلىكىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن بۇنىڭدىن سىلەر نېمىنى سەزدىڭلار؟ دېدىم. ئوقۇغۇچىلار بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن بەزىلىرى "بۇ تۆت تەرەپلىكنىڭ ئۇزۇنلىقى بىلەن كەڭلىكى ئارىسىدىكى بولۇڭنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق چەكسىز پاراللېل تۆت تەرەپلىككە ئىرىشكىلى بولىدۇ." دېسە، يەنە بەزىلىرى "بۇ تۆت تال تاياقچىدىن ھاسىل قىلىنغان تۆت تەرەپلىكنىڭ ئىچىدە تىك تۆت بولۇڭنىڭ ئېگىزلىكى (كەڭلىكى) ئەڭ چوڭ. شۇڭلاشقا تىك تۆت بولۇڭ بولغاندا يۈزى ئەڭ چوڭ بولىدۇ" دېيىشتى. يەنە بەزىلىرى "ئۇزۇنلىقى بىلەن كەڭلىكى ئۈستىمۇ - ئۈستى چۈشكەندە ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 0 بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ يۈزى نۆلگە تەڭ بولىدۇ." دېيىشتى. بۇ جاۋاپلار ئۈچىنچى يىللىق باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان قاراش ۋە باي تەسەۋۋۇر بولۇپ، مۇئەييەن ئىجادىيلىققا ئىگە.

(«باشلانغۇچ مەكتەپ ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى» ژورنىلىنىڭ 1982 - يىل 6 - سانىدىن ئېلىندى)


# دەرسلىكتىكى بىر مەسىلىنىڭ يېشىلىشى توغرىسىدا


مۇھەممەت نۇجۇپ

(ئۈرۈمچى شەھەرلىك 14 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)



تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ فىزىكىسى 2 - قىسىم 1 - كىتاۋىنىڭ ئېلېكتىر مەيدانى ھەققىدىكى بابىدا تىپىك بىر مەسىلە (4 - كونۇكمە 7 - مەسىلە) بېرىلگەن بولۇپ، بۇ مەسىلە تەتقىق قىلىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ مەسىلىنى يېشىش توغرىسىدىكى پىكىرلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

بېرىلگەن مەسىلە:



1·24 - رەسىم

1·24 - رەسىمدە كۆرسىتىلگەن دولقۇن كورسەتكۈچى لامپىدا، ئەگەر ئېلېكتىر قۇتۇبى Bغا بېرىلىدىغان ھەمدە ئېلېكتىرون ئېقىمىنى تەسۋىر يايدۇرىدىغان ئېلېكتىر بېسىمى 1· 29 - رەسىم A دا كۆرسىتىلگەندەك بولىدۇ. ئېلېكتىر قۇتۇبى A غا بېرىلىدىغان ئېلېكتىر بېسىمى 1· 29 - رەسىم B دا ياكى C دا كۆرسىتىلگەندەك بولىدۇ، دەپ پەرەز قىلساق، ئۇ ھالدا يالتىراق ئېكراندا ئايرىم - ئايرىم ھالدا قانداق ئەگرى سىزىقلارنى كۆرەلەيمىز؟




1·29 - رەسىم

بۇ مەسىلە ئوقۇغۇچىلاردىن دولقۇن كورسەتكۈچى ئېكرانىدا يۇقۇرىدا بېرىلگەن شەرتلەر ئاستىدا قانداق شەكىللەر ھاسىل بولىدىغانلىقىنى تەلەپ قىلىش بىلەن بىرگە، يەنە مۇشۇ مەسىلە ئارقىلىق، بۇندىن كېيىن دولقۇن كورسەتكۈچى ئېكرانىدا كۆرۈنگەن شەكىللەرگە قاراپ، بېرىلگەن سىگناللارنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى دەسلەپكى قەدەمدە يېتىلدۈرۈشنىمۇ مەقسەت قىلىدۇ. مېنىڭچە، ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكا مەشغۇلاتى ۋە ھازىر يۈرگۈزۈلۋاتقان فىزىكا ئوقۇتۇش پۇروگىراممىسىنىڭ روھىدىن قارىغاندا، ئوقۇغۇچىلارغا مۇشۇ خىلدىكى ئەمەلىيەتچانلىقى كۈچلۈك بولغان مەشق تەلىۋىنىڭ قويۇلۇشى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن. شۇڭا مەكتەپلىرىمىزدە بۇ مەسىلىنى چوقۇم ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا تىرىشىشىمىز لازىم.

بىراق، ئوقۇغۇچىلىرىمىز دولقۇن كورسەتكۈچى لامپىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن ئۇنىڭ ئىش پىرىنسىپىنى يېڭىلا ئۆگەنگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇندىن ئىلگىرى ئوقۇغۇچىلارغا چاستوتىلىرى ئۆز ئارا تەڭ بولغان، بىر - بىرىگە تىك ئىككى تەۋرىنىشنى قوشۇش توغرىسىدا ھېچقانداق بىلىم بېرىلمىگەنلىكتىن، ئوقۇغۇچىلىرىمىز بۇ مەسىلىگە يېڭى يولۇققاندا غەيرىلىك ھىس قىلىشى ياكى مەسىلىنىڭ تەلىۋىنىمۇ توغرا ھىس قىلالماسلىقى مۇمكىن.

شۇڭا بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرلۇق يېشىش ئۈچۈن، تەييارلىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. بۇنىڭ

ئۈچۈن ئالدى بىلەن دولقۇن كورسەتكۈچى لامپىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن ئۇنىڭ ھەربىر قىسىملىرىنىڭ ئىشلەش پرىنسىپلىرىنى ئېنىق سوزلەش ئاساسىدا توۋەندىكى تەرەپلەرنى يەنى دولقۇن كورسەتكۈچى لامپىنىڭ A ۋە B قۇتۇپلىرىغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا 1. 29 - (A) ۋە (B) رەسىمدە كورسىتىلگەندەك ئۆزگىرىشچان ئېلېكتىر بېسىمى بېرىلسە، قۇتۇپ تاختىلىرى ئارىسىدىكى ئېلېكتىرون ئېقىمىدا ئايرىم - ئايرىم ھالدا (A) ۋە (B) رەسىمگە ماس تەۋرىنىش ھاسىل بولىدىغانلىقىنى ھەم ئىككى قۇتۇپ تاختىلىرى ئارىسىدىكى ئېلېكتىر ئېقىمى تەۋرىنىشلىرىنىڭ بىر - بىرىگە تىك بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇش زورۇر. شۇنداقلا يېڭى دەرستىن ئىلگىرىكى تەكرارلاش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، فىزىكىلىق چۈشەنچىلەردىن، تەۋرىنىش گىرافىكلىرىغا قاراپ، بۇ تەۋرىنىشلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى پەرقلەندۈرۈش ۋە ئۇلارنى فورمۇلىدا ئىپادىلەش جەھەتتىكى بىلىملەرنى ئەسلىتىش، مۇبادا مەسىلە تەجرىبە ئۇسۇلى ئارقىلىق يېشىلمەكچى بولسا، فازىلار پەرقى 0 ياكى 90° بولغان تەۋرىنىمە توك ھاسىل قىلىدىغان ئېلېكتىر زەنجىرلىرى ھەققىدىكى بىلىملەرنى ئەسلىتىش لازىم؛ ماتېماتىكىلىق بىلىملەردىن تۈز سىزىق تەڭلىمىلىرى بىلەن چەمبەر تەڭلىمىلىرى قاتارلىق چۈشەنچىلەرنى ئەسلىتىش زورۇر.

شۇندىن كېيىنلا مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بېرىلگەن مەسىلە ئۈستىدە ئومۇميۈزلۈك تەھلىل يۈرگۈزۈش؛ ئالدى بىلەن مەسىلىدە بېرىلگەن فىزىكىلىق جەريانلارنى، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋەتلىرىنى ۋە بېرىلگەن شەرتلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش، شۇندىن كېيىن مەسىلىنىڭ تەلىۋىنى توغرا بىلىش ئاساسىدا مەسىلە يېشىشنىڭ ئۇسۇللىرىنى تاللاش كېرەك.

ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ بۇ خىل مەسىلىلەرنى ئۇتۇقلۇق ھەل قىلىشىغا ياردىمى بولسۇن ئۈچۈن، بۇ مەسىلىنى يېشىشنىڭ توۋەندىكى 4 خىل ئۇسۇلىنى تونۇشتۇرىمەن.

**مەسىلە تەھلىلى:**

مەسىلىدە بېرىلگەنلەردىن قارىغاندا 1) دولقۇن كورسەتكۈچى لامپىنىڭ B قۇتۇپىغا بېرىلگەن ئۆزگىرىشچان ئېلېكتىر بېسىم تەسىرىدە B قۇتۇپ تاختىلىرى ئارقىسىدىكى ئېلېكتىر ئېقىمىدا گورىزونت يۆنىلىشتە تەۋرىنىش ھاسىل بولىدۇ. A قۇتۇپقا بېرىلگەن ئېلېكتىر بېسىمى تەسىرىدە A قۇتۇپ تاختىلىرى ئارىسىدىكى ئېلېكتىر ئېقىمىدا ۋېرتىكال (تىك) يۆنىلىشتە تەۋرىنىش ھاسىل بولىدۇ. دېمەك بۇ ئىككى تەۋرىنىش بىر - بىرىگە تىك بولىدۇ. 2) دولقۇن كورسەتكۈچى لامپىنىڭ ئىشلەش پرىنسىپى جەھەتتىن قارىغاندا، بۇ ئىككى تەۋرىنىشنىڭ بىر ۋاقىتتا داۋام ئېتىدىغانلىقىنى، ئېلېكتىرون ئېقىمى A ۋە B دىن ئىبارەت قۇتۇپ تاختىلىرى ئارىسىدىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىنكى يەيتتە ئېلېكتىرون ئېقىمىدىكى ئۆزگىرىش دەل مۇشۇ ئىككى تەۋرىنىشنىڭ نەتىجىلىكۈچىسىدىن ئىبارەت بولىدىغانلىقىنى، يالتىراق ئېكراندا بولسا، مۇشۇ نەتىجىلىكۈچى ھەركەتنىڭ ئەكس ئېتىشى بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالىمىز. 3) 1. 29 - رەسىمدىكى (A)، (B) ۋە (C) لارنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق بۇ تەۋرىنىشلەرنىڭ ئامپىلىتۇدىلىرى ھەم چاستوتىلىرىنىڭ تەڭلىكىنى بىلىۋالىمىز. (A) ۋە (B) ھالىتىدە بۇ ئىككى تەۋرىنىشنىڭ فازىلار پەرقى 0 ئىكەنلىكىنى، (A) ۋە (C) ھالىتىدە ئىككى تەۋرىنىشنىڭ فازىلار پەرقى 90° بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالىمىز.

يوقۇرىدىكى تەھلىللەرگە ئاساسەن، مەسىلىدە بېرىلگەن ئىككى تەۋرىنىشنى تۆۋەندىكىدەك ئىپادىلەشكە بولىدۇ:

$x = A_1 cos \quad (wt + \varphi_1)$ $B$ قۇتۇپ تاختىلىرى ئارىسىدىكى تەۋرىنىش:

$y = A_2 cos \quad (wt + \varphi_2)$ 〃 〃 〃 〃 〃 〃 〃 〃 〃 〃 〃 〃 〃 〃 〃 〃 〃 〃 〃 〃 $A$

مەسىلىنىڭ تەلىۋى: (1) ئىككى تەۋرىنىشنىڭ فازىلار پەرقى °0 ($\varphi_2 - \varphi_1 = 0$) بولغاندا (2) ئىككى تەۋرىنىشنىڭ فازىلار پەرقى °90 ($\varphi_2 - \varphi_1 = 90°$) بولغاندا، چاستوتىلىرى ۋە ئامپلىتودىلىرى تەڭ بولغان ھەم بىر - بىرىگە تىك بولغان ئىككى تەۋرىنىشنىڭ نەتىجىلىگۈچىسى قانداق بولۇشىنى ھوكۇم قىلىش.

### مەسىلە يېشىش:

1. گىرافىك ئۇسۇلى ئارقىلىق يېشىش

مەسىلىدە $x = A_1 cos \quad (wt + \varphi_1)$ (1)


بېرىلگىنى: $y = A_2 cos \quad (wt + \varphi_2)$ (2)

بۇ ئىككى تەۋرىنىش بىر ۋاقىتتا مەۋجۇت بولغاچقا (ماددى نۇقتا بىر ۋاقىتتا يــوقۇرقى ئىككى خىل تەۋرىنىش ھەركىتىدە بولغاچقا)، بۇ ماددى نۇقتىنىڭ تەكشىلىكتىكى ئورنىنى پەقەت تىك بۇلۇڭلۇق كوردىنات سىستېمىسىدا ئىپادىلەشكە بولىدۇ. شۇنىڭدەك $x$، $y$ دىن ئىبارەت فونكىتسىينىڭ قىممەتلىرى ۋاقىت ئۆزگىرىشكە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ. بىراق ئىككى تــەۋرىنىشنىڭ ۋاقىت ئۆزگىرىشى، بۇلۇڭ ئۆزگىرىشىنى بەلگىلىگەچكە ھەمدە بۇلۇڭ ئــۆزگىرىشىنى ئىپــادىلەش بىرقەدەر قولاي بولغاچقا، تۆۋەندە فونكىتسىينىڭ بۇلۇڭ ئۆزگىرىشىگە ماس قىممەتلىرىنى ئىپادىلەپ، گىرافىك سىزىمىز.

1) $A_1 = A_2 = A$ ھەم $\varphi_2 - \varphi_1 = 0$ بولغانــدا

($A$ بىرلىك قىلىپ ئېلىندى)

| $wt+\varphi$ | 0° | 30° | 60° | 90° | 120° | 150° | 180° | 210° | 240° | 270° | 300° | 330° | 360° |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| $x$ | 1 | 0.86 | 0.5 | 0 | −0.5 | −0.86 | −1 | −0.86 | −0.5 | 0 | 0.5 | 0.86 | 1 |
| $y$ | 1 | 0.86 | 0.5 | 0 | −0.5 | −0.86 | −1 | −0.86 | −0.5 | 0 | 0.5 | 0.86 | 1 |





جاۋاپ: يانتۇلىغى 45° بولغان تۈز سىزىق شەكىللىنىدۇ.

2) $A_1 = A_2 = A$ ھەم $\varphi_2 - \varphi_1 = 90^\circ$ بولغاندا

($A$ بىرلىك قىلىندى)

| $wt + \varphi_1$ | 0° | 30° | 60° | 90° | 120° | 150° | 180° | 210° | 240° | 270° | 300° | 330° | 360° |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| $x = A\cos(wt+\varphi_1)$ | 1 | 0.86 | 0.5 | 0 | −0.5 | −0.86 | −1 | −0.86 | −0.5 | 0 | 0.5 | 0.86 | 1 |
| $y = A\cos[90^\circ + (wt + \varphi_1)]$ | 0 | −0.5 | −0.86 | −1 | −0.86 | −0.5 | 0 | 0.5 | 0.86 | 1 | +0.86 | +0.5 | 0 |

دېمەك يۇقۇرىقى شەرت ئاستىدا بىر - بىرىگە تىك ئىككى تەۋرىنىش قوشۇلسا چەمبەر ھاسىل قىلىدۇ. نەتىجىدە يالتىراق ئېكراندا چەمبەر كۆرۈنىدۇ.



2. ماتېماتىكىلىق ھېساپلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق يېشىش

مەسىلىدە بېرىلگىنى: $x = A_1\cos(wt + \varphi_1)$ (1)، $y = A_2\cos(wt + \varphi_2)$ (2)

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماتېماتىكىلىق چۈشەنچىلىرىدىن پايدىلىنىپ بېرىلگەن تەۋرىنىش تەڭلىمىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئانالىتىك گېئومېتىرىيە چۈشەنچىلىرىگە ئاساسەن ھۆكۈم قىلىمىز.

1) $A_1 = A_2 = A$ ھەم $\varphi_2 - \varphi_1$ بولغاندا $(wt + \varphi_1) = (wt + \varphi_2)$ بولىدۇ. شۇڭا (2) تەڭلىمىنىڭ ئىككى تەرىپىنى (1) تەڭلىمىنىڭ ماس بولغان ئىككى تەرىپىگە بۆلسەك

$$\frac{y}{x} = \frac{A_2}{A_1} \qquad \text{ياكى} \qquad y = \frac{A_2}{A_1}x \qquad (3)$$

كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى؛ (3) تەڭلىمە تىپىك تۈزسىزىق تەڭلىمىسىدىن ئىبارەت. بۇنىڭدا $\frac{A_2}{A_1} = 1$ بولغانلىقتىن، بۇ تۈز سىزىقنىڭ يانتۇلىغى 45° بولىدىغانلىغىنى بىلگىلى بولىدۇ.

2) $A_1 = A_2 = A$ ھەم $\varphi_2 - \varphi_1 = 90^\circ$ بولغاندا (2) تەڭلىمىنى تۆۋەندىكىدەك ئۆزگەرتىپ يېزىۋېلىشقا بولىدۇ:

$$y = A_2\cos(wt + \varphi_2) = A_2\cos[90^\circ + (wt + \varphi_1)] = -A_2\sin(wt + \varphi_1) \qquad (4)$$

شۇنىڭدىن كېيىن (1) تەڭلىمە بىلەن (4) تەڭلىمىنىڭ ئىككى تەرىپىنى كۋادىراتقا كۆتىرىپ، ماس تەرەپلىرىنى ئۆز ئارا قوشساق تۆۋەندىكى كېلىپ چىقىدۇ.

$$x^2 + y^2 = A^2 \qquad (5)$$

بۇ تىپىك چەمبەر تەڭلىمىسىدىن ئىبارەت.

دىمەك: بىر ـ بىرىگەتىك بولغان ئىككى تەۋرىنىشنى قوشقاندا ئەگەر ئۇلارنىڭ فازىلار ئاي-
رىمىسى °0 بولسا، يانتۇلىغى °45 بولغان تۈز سىزىق شەكىللىنىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ فازىلار ئاي-
رىمىسى °90 بولسا، چەمبەر ھاسىل بولىدۇ.

3. ماتېماتىكىلىق ئومۇملاشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق يېشىش

بېرىلگىنى: (1) $x = A_1 cos(wt + \varphi_1)$

(2) $y = A_2 cos(wt + \varphi_2)$

بېرىلگەن تەڭلىمىلەردىكى t نىڭ قىممىتىنى تىرىگونومېتىرىك ھىساپلاش يولى بىلەن يو-
قىتىپ، ئاددىيلاشتۇرساق تۆۋەندىكى تەڭلىمە كېلىپ چىقىدۇ (جەريانى قىسقارتىلدى):

$$\frac{x^2}{A_1{}^2} + \frac{y^2}{A_2{}^2} - \frac{2xy}{A_1 A_2} cos(\varphi_2 - \varphi_1) = sin^2(\varphi_2 - \varphi_1)$$

مانا بۇ، نەتىجىلىگۈچى تەۋرىنىشنىڭ تىرايېكتورىيە تەڭلىمىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنىڭ ئو-
مۇمى كورۇنۇشى تىپىك ئىللىپىس تەڭلىمىسىدىن ئىبارەت.

شۇنىڭغىمۇ دىققەت قىلىش كېرەككى، تەڭلىمىنىڭ كورۇنۇشى، $(\varphi_2 - \varphi_1)$ نىڭ ئۆزگىرىشىگە
ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن نەتىجىلىگۈچى تەۋرىنىشنىڭ قانداق شەكىلدە بولىشىنى
بۇ مەسىلىدە پەقەتلا فازىلار پەرقىنىڭ قانداق قىممەت ئالغانلىقىغا قاراپ ھوكۇم قىلىشقا بولىدۇ.

بۇ مەسىلىدە بىزگە (1) فازىلار پەرقى °0 $(\varphi_2 - \varphi_1 = 0)$، (2) فازىلار پەرقى
°90 $(\varphi_2 - \varphi_1 = 90)$ بولغان ئىككىلا شەرت بېرىلگەن بولۇپ، بىرىنچى شەرت بويىچە قارىغاندا
يۇقورقى تەڭلىمە ئۆزگىرىپ تۆۋەندىكى كورۇنۇشنى ئالىدۇ:

$$y = \frac{A_2}{A_1} x$$

، ئىككىنچى شەرت بويىچە بولغاندا مۇنداق بولىدۇ: $x^2 + y^2 = A^2$


دىمەك نەتىجە ئالدىنقى 2 خىل ئۇسۇلدا تېپىلغان جاۋاپقا ئوخشاش بولىدۇ.

4 - تەجرىبە ئۇسۇلى ئارقىلىق يېشىش

ئوقۇغۇچىلار تەجرىبە ئىشلەش ئارقىلىقمۇ، دولقۇن كورسەتكۈچى ئېكرانىدا، بۇ مەسىلىدە بې-
رىلگەن شەرتلەر ئاستىدا قانداق شەكىل ھاسىل بولىدىغانلىقىنى بىۋاستە كۆزىتىپ، بىر تەرەپ
قىلىشقا بولىدۇ.

تەجرىبىگە كېرەكلىك قوراللار: بىر دانە سىگنال مەنبەسى، بىردانە دولقۇن كورسەتكۈچى
قۇراشتۇرۇلغان فازا ئايرىغۇچ ۋە بىرنەچچە تال ئۇلاش سىملىرىدىن ئىبارەت.

تەجرىبە ئۇسۇلى ھەم باسقۇچلىرى:



1) سول تەرەپتىكى رەسىمدە كورسىتىلگەندەك زەنجىر تۈزۈۋېلىش.

2) سىگنال مەنبەسى بىلەن دولقۇن كورسەتكۈچنىڭ خىزمەت
تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈۋېلىش.

3) ئۇلىغۇچ $k$ نى $a$ غا ئۇلاپ، دولقۇن كورسەتكۈچ
ئېكرانىدا ئەكس ئەتكەن شەكىلگە دىققەت قىلىش، قارشىلىقلار

تەڭشىلىپ، ئامپلىتۇدىلار تەڭلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، شەكىلنىڭ تۈرۈش ھالىتىنى خاتىرىلەش.

4) $k$ نى $b$ غا ئۇلىغاندا (فازىلار ئايرىمىسى 90° بولىدۇ) ھەم قارشىلىقلارنى تەڭشەپ ئىككى تەۋرىنىش ئامپلىتۇدىلىرى تەڭشەلگەندىن كېيىن، دولقۇن كورسەتكۈچ ئېكرانىدا قانداق شەكىلنىڭ ئەكس ئېتىشىنى خاتىرىلەش.

5) زەنجىرنى ئۈزۈۋېتىپ، خاتىرىگە ئاساسەن خۇلاسە چىقىرىش.

بۇ تەجرىبىدىن شۇنى كورۇۋېلىشقا بولىدۇكى: بىر - بىرىگە تىك بولغان ئوز ئارا قوشۇلغۇچى ئىككى تەۋرىنىشنىڭ فازىلار ئايرىمىسى 0 بولغىنىدا، دولقۇن كورسەتكۈچ ئېكرانىدا يانتۇلىغى 45° بولغان تۈز سىزىق پەيدا بولىدۇ. فازىلار ئايرىمىسى 90° بولغاندا، ئېكراندا چەمبەر شەكلى كورۇنىدۇ.

دىمەك، يۇقۇرىقى 4 خىل ئۇسۇلنىڭ ھەممىسىدىلا نەتىجە بىردەك بولىدۇ. شۇڭا بۇ مەسىلىنى يەشكەندە، 4 خىل ئۇسۇلنىڭ قايسىبىرىدىنلا پايدىلانساق بولىدۇ.

ئاخىرىدا شۇنى تەكىتلەپ قويۇش زورۇركى: مەسىلە يېشىشنىڭ 1 -، 2 - ئۇسۇللىرى ئارقىلىق بېرىلگەن مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھازىرقى بىلىم ئاساسىغا بىرقەدەر يېقىن. بىراق 1 - ئۇسۇلدىن پايدىلانغاندا، ئوقۇغۇچىلارغا ماددى نۇقتىنىڭ مەسىلىدە بېرىلگىنىدەك مۇرەككەپ تەۋرەنمە ھەركىتىنىڭ ھەر بىر پەيتتىكى ئورنىنى، تىك بۇلۇڭلۇق كوردىنات نۇقتىلىرىدا ئىپادىلەش كېرەكلىكىنى، ھەم بۇنى ئىپادىلەشنىڭ ئۇسۇللىرىنى ئەسكەرتىش زورۇر. 2 - ئۇسۇلدىن پايدىلانغاندا، تەۋرىنىش تەڭلىمىلىرىنى ئالدى بىلەن ئومۇملاشتۇرۇپ، ئاندىن ھوكۇم چىقىرىشقا يېتەكلەش كېرەك.

مەسىلە يېشىشنىڭ 3 - خىل ئۇسۇلىنى بولسا، ئومۇمى تەكرارلاردا پايدىلىنىشقا بولىدۇ. بىراق بۇنىڭدا ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنى يېتەكلەش يولى بىلەن بېرىلگەن ئىككى تەۋرىنىشنىڭ ئىرادىيكتورىيە تەڭلىمىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئالدى بىلەن مەسىلىنىڭ تەلىۋىگە قانائەتلىنەرلىك جاۋاپ بېرىش، ئاندىن كېيىن مەسىلىدە بېرىلگەن شەرتلەردىن تاشقىرى باشقىچە ئالاھىدە ئەھۋاللار ئاستىدا قانداق نەتىجە كېلىپ چىقىدىغانلىقلىرىنى خۇلاسىلاپ، ئوقۇغۇچىلارنى بۇ توغرىدا تېخىمۇ چوڭقۇر، ئومۇملاشقان بىلىمگە ئىگە قىلىش لازىم. ئومۇملۇق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئۇسۇل مۇھىم. بۇنىڭغا ئېتىۋارسىز قاراشقا بولمايدۇ.

مەسىلە يېشىشنىڭ 4 - خىل ئۇسۇلى، مۇھىم بىر ئەمەلىي مەشغۇلات بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوگەنگەن نەزىرىيىۋى بىلىملىرىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش ھەم مۇستەقىل، ئىجادى پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۇرۇشتە رولى زور. شۇڭا تۈرلۈك تەۋرىنىش ھادىسىلىرىنى ئوگىنىش، سىگنال مەنبەسى بىلەن، دولقۇن كورسەتكۈچلەر بىلەن مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشتىكى ماھارەتلىرىنى يېتىلدۇرۇش ئۈچۈن، بۇ مەسىلىنى مۇستەقىل ئوقۇغۇچىلار تەجرىبىسى سۈپىتىدە ئىشلىتىشنى تەشەببۇس قىلىمەن.

---

△ پىكىر قىلالايدىغان كىشىلا ھەقىقى كۈچلۈك كىشىدۇر.

— بالزاك

△ ئوزىنى تەقدىم قىلىش قىزغىنلىقىدىن ئىلھام ئالالمايدىغان كىشى ھېچقانداق ئۇلۇغ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ.

— چېرنىشېۋىسكى

# ئاتوم رەت نومۇرى 100 دىن چوڭ بولغان ئېلېمېنتلارنىڭ بەلگىسى

«ئاساسىي ئانورگانىك خىمىيە» بىرىنچى قىسىم (يى جىڭجۇ، شىڭ پەنۇن بىرلىشىپ تۈزگەن، 1980 - يىلى خەلق مائارىپى نەشرىياتى نەشر قىلغان) ۋە «ئانورگانىك خىمىيە» بىرىنچى قىسىم (خۋانەن سانائەت ئىنستىتۇتى ئانورگانىك ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسى تۈزگەن، 1979 - يىل خەلق مائارىپ نەشرىياتى نەشر قىلغان) دا ئاتوم رەت نومۇرى 104، 105، 106 بولغان 3 خىل ئېلېمېنتنىڭ بەلگىسى ئايرىم - ئايرىم Unq، Unp، Unh ئىپادىلەنگەن، لېكىن بەلگىنىڭ كېلىش مەنبەسى چۈشەندۈرۈلمىگەن.

بۇ، بەلگىلەرنىڭ كېلىش مەنبەسى خەلقارالىق نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي خىمىيە بىرلەشمە يىغىنى (IUPAC) باشقۇرغان ئانورگانىك خىمىيە نام ئاتاش كومىتېتى 1978 - يىلى ماقۇللىغان "ئاتوم رەت نومۇرى 100 دىن چوڭ بولغان ئېلېمېنتلارنىڭ نام ئاتاش تەكلىۋى" بولغان. بۇ، ماقالا "Pure and Applied Chemistry" نىڭ 1979 - يىل 51 - توم 2 - سان 384 — 383 - بەتلىرىدە كۆرسىتىلگەن. بۇ، ماقالىنىڭ تاللاپ تەرجىمە قىلىنغان مەزمۇنى تۆۋەندىكىدەك:

ئاتوم رەت نومۇرى 103 — 101 گىچە بولغان ئېلېمېنتلارنىڭ نامى خەلقارالىق نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي خىمىيە بىرلەشمە يىغىنى تەستىقلىغان نام ۋە ئىككى ھەرپ بىلەن ئىپادىلەنگەن بەلگىدۇر. بۇ نام ۋە بەلگىلەرنى ئىشلىتىش بۇ ماقالىدا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ.

ئاتوم رەت نومۇرى 103 تىن چوڭ بولغان ئېلېمېنتلار دائىم پەننىي ھۆججەتلەردە ئۇچراپ تۇرىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ نامى "كەشپ قىلىنغان" دىن كېيىن بېكىتىلىدۇ. كىتاپلار مۇندەرىجىسى تۈزۈش ۋە باشقا مەقسەتلەر ئېھتىياجى بولغانلىقتىن، ئانورگانىك خىمىيە نام ئاتاش كومىتېتىنىڭ مۇنداق "ئېنىق بولمىغان" ئېغىر ئېلېمېنتلارنىڭ نامى ۋە بەلگىسى ھەققىدە تەكلىپ قويۇشى تەلەپ قىلىنغان. بۇ، كومىتېت ئەڭ ياخشىسى ئەشۇ ئېلېمېنتلارغا سىستېمىلىق نام بېرىشنى قارار قىلدى، ئۇ ناملار تۆۋەندىكى پرىنسىپلارغا ئۇيغۇن بولۇشى لازىم:

(1) ئاتىلىشى ئىخچام ھەم روشەن ھالدا ئېلېمېنت ئاتوم رەت نومۇرىغا مۇۋاپىق بولۇش لازىم.

(2) ئاتىلىش سۆزىنىڭ ئاخىرىغا "ium" نى قوللىنىش لازىم.

(3) مۇنداق سىستېمىلىق ئاتالغان ئېلېمېنتنىڭ بەلگىسى ئۈچ ھەرپتىن تەشكىللەنگەن بولۇشى لازىم.

(4) مۇنداق ئېلېمېنت بەلگىسى بىۋاسىتە ئاتوم رەت نومۇرىدىن كەلتۈرۈپ چىقىرىلغان بولۇشى ھەمدە ئىمكان قەدەر شۇ ئېلېمېنتلارنىڭ ئاتىلىشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۆرۈپ ئېلىشقا بولىدىغان بولۇشى لازىم.

(1)، (2)، (3) پىرىنسىپلارنىڭ سەۋىيەسى ئېنىق، ئەمما 3 - پىرىنسىپقا قاراپلا ئۇنىڭ سەۋىيىسىنى بىلىۋېلىشقا بولمايدۇ. بۇ، كومىتېتنىڭ 3 ھەرپلىك بەلگە ئىشلىتىشنى تەكلىپ قىلىشتىكى سەۋەپ، ئېلېمېنت بەلگىسىنى سىستېمىلىق ھالدا 2 ھەرپ بىلەن ئىپادىلىگەندە ئاتوم رەت نومۇرى 104 تىن كىچىك بولغان بەزى ئېلېمېنت بەلگىلىرى بىلەن تەكرارلىنىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىنتايىن قىيىن بولىدىكەن، ئەگەر بۇ خىل تەكرارلىنىش تۈگىتىلىش كېرەك دېيىلسە، بۇ خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ سىستېمىلىقىغا دەخلى يېتىدىكەن.

ئېنىق بولمىغان ئېلېمېنتلارنىڭ بۇ خىل سىستېمىلىق ئاتىلىش ئۇسۇلى يېڭى ئېلېمېنت كەشىپ قىلغۇچى كىشىنىڭ ئۆز كەشپىياتى ئىلىم - پەن ساھەسى تەرىپىدىن ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلىنغاندىن كېيىن، مۇشۇ كومىتېتقا يېڭى ئېلېمېنتنىڭ باشقا ئاتىلىشى ئۈستىدە تەكلىپ قويۇشنى چەكلىمەيدۇ. 103 — 101 نومۇرلۇق ئېلېمېنتلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ ماقالىدا بەلگىلەنگەن سىستېمىلىق ئاتاشنى بۇرۇن خەلقارالىق نەزىرىيە ۋە ئەمەلىي خىمىيە بىرلەشمە يىغىنى تەستىقلىغان ئاتاشنىڭ بىر خىل قوشۇمچە باشقىچە ئاتىلىشى دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئاتوم رەت نومۇرى 103 تىن چوڭ بولغان ئېلېمېنتلارغا نىسبەتەن، ئۇلارنىڭ ئاممىباپ ئاتىلىشى خەلقارالىق نەزىرىيە ۋە ئەمەلىي خىمىيە بىرلەشمە جەمىيىتى تەرىپىدىن تەستىقلىنىشتىن بۇرۇن، بۇ ماقالىدا تەكلىپ قىلىنغان سىستېمىلىق ئاتاش ۋە بەلگە بىردىن - بىر رۇخسەت قىلىنغان ئاتىلىش ۋە بەلگە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ كومىتېت قارار قىلغان ئاتوم رەت نومۇرى 100 دىن چوڭ بولغان ئېلېمېنتلارنىڭ نامىنى ئاتاش ئۇسۇلى مۇنداق:

1. تۆۋەندىكى سانلارنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر سۆز يىلتىزىنى قوللىنىپ، ئېلېمېنتنىڭ ئاتوم رەت نومۇرىدىن شۇ ئېلېمېنتلارنىڭ ئاتىلىشىنى بىۋاستە بەلگىلەش.

| | | | |
|---|---|---|---|
| 0 | nil | 5 | pent |
| 1 | un | 6 | hex |
| 2 | bi | 7 | sept |
| 3 | tri | 8 | oct |
| 4 | quad | 9 | enn |

2. سانلارنى ئىپادىلەيدىغان ماس سۆزلەر نومۇرىنى كونكرېتنى ئاتوم رەت نومۇرىنىڭ تەلىۋى بويىچە ئۆزئارا باغلاشتۇرۇپ، سۆز ئاخىرىغا "ium" سۆز قوشۇمچىسى قوشۇلسا، شۇ كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن، ئاتوم رەت نومۇرى 104 بولغان ئېلېمېنت (Un + nil + quad + ium) Unnilquadium دەپ ئوقۇلىدۇ. (ئۇيغۇرچە — ئۇننىل كۇئادى) مۇبادا "enn"، "nil" نىڭ ئالدىدا كۆرۈلسە، "enn" نىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى "n" ئېلىنمىسىمۇ بولىدۇ؛ ئەگەردە "bi" ياكى "tri" لار "ium" نىڭ ئالدىدا كۆرۈلگەندە ئالدىنقى ئىككىسىنىڭ ئىچىدىكى "i" ئېلىنمايدۇ.

3. ئېلېمېنتنىڭ بەلگىسى تەركىۋىدىكى ئېلېمېنتلارنىڭ ئاتىلىشىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان سانلارنىڭ 3 دانە سۆز نومۇرىنىڭ بىرىنچى ھەرپى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، 104 نومۇرلۇق ئېلېمېنتنىڭ بەلگىسى Unq بولىدۇ.

4. پۈتۈن ئېلېمېنت ئاتىلىشىدا سانلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ھەر قايسى سۆز تومۇرلىرى ئارىسىدا ئۈزلۈكسىزلىك بولمايدۇ.

تۆۋەندە بەزى ئېلېمېنتلارنىڭ ئاتىلىشى ۋە بەلگىسى مىسال ئارقىلىق بېرىلگەن.

| ئاتوم رەت نومۇرى | ئېلېمېنت ئاتىلىشى | ئېلېمېنت بەلگىسى |
|---|---|---|
| 101 | Mendelevium (Unnilunium) | Md(Unu) |
| 102 | Nobelium (Unnilbium) | No(Unt) |
| 103 | Lawrencium (Unniltrium) | Lr (Unt) |
| 104 | Unnilquadium | Unq |
| 105 | Unnilpentium | Unp |
| 106 | Unnilhexium | Unh |
| 107 | Unnilseptium | Uns |
| 108 | Unniloctium | Uno |
| 109 | Unnilennium | Une |
| 110 | Ununnilium | Uun |
| 111 | Unununium | Uuu |
| 112 | Ununbium | Uub |
| 120 | Uubinilium | Ubn |
| 121 | Unbiunium | Ubu |
| 130 | Untrinilium | Utn |
| 140 | Unquadnilium | Uqn |
| 200 | Binilnilium | Bnn |
| 201 | Binilunium | Bnu |
| 300 | Trinilnilium | Tnn |

تۈۋەندىكىسى مۇشۇ ماقالىنى يازغۇچى ۋە تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ تولۇقلىشى بولۇپ، پايدىلىنىشقا بولىدۇ.

بەزى ھوججەتلەردە 104 نومۇرلۇق ئېلېمېنت Rutherfordium دەپ ئاتىلىدۇ (ئەنگلىيىلىك فىزىكا ئالىمى E·Rutherford نى خاتىرىلەش ئۈچۈن قويۇلغان نام)، ئۇنىڭغا ماس بولغان بەلگە Rf دۇر. لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بەزى ھوججەتلىرىدە بۇ ئېلېمېنت КурчаТоВ دەپ ئاتىلىدۇ (ئېنگلىزچە تەرجىمىسى Kurchatovium ياكى Khurchatovium بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى فىزىكا ئالىمى N.B . КурчаТоВ نى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئۇنىڭ نامىغا قويۇلغان). ماس بەلگىسى Ku دۇر.

105 نومۇرلۇق ئېلېمېنتقا نىسبەتەن، بەزى ھوججەتلەردە Hahnium دەپ ئاتىلىدۇ (گېرمانىيىلىك رادىئاكتىپ ئالىمى O·Hahn نى خاتىرىلەش ئۈچۈن بېرىلگەن نام)، ئۇنىڭ ماس بەلگىسى Ha دۇر. لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا بەزى كىشىلەر ئۇنىڭ نامىنى Nielsbohrium دەپ ئاتاشنى تەكلىپ قىلغان (دانىيىلىك فىزىكا ئالىمى Niels Bohr نى خاتىرىلەش ئۈچۈن قويۇلغان نام).

ھالبۇكى يۇقۇرىقى ئاتاش ۋە بەلگىلەرنىڭ ھەممىسى خەلقارالىق نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي خىمىيە بىرلەشمە جەمئىيىتىنىڭ تەستىقلىشىغا مۇيەسسەر بولمىغان.

(«خىمىيە مائارىپى» ژورنىلىدىن ئېلىندى)

# ئوقۇش، يېزىش، سوزلەش، ئاڭلاش، مەشقلىرى ۋە ئۇنى قانداق ئېلىپ بېرىش ھەققىدە

مەريەم ئابدۇراخمان

(ئۈرۈمچى شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى)

باشلانغۇچ مەكتەپ ئەدەبىيات ئوقۇتۇش پروگراممىسىدا تېكىستلەرنى ئوقۇتۇش جەريانىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش، يېزىش، سوزلەش ۋە ئاڭلاش ئىقتىدارىنى يېتىشتۈرۈش تەلەپ قىلىنغان. بۇ 4 جەھەتتىكى ئىقتىدارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، بۇ مەشقلەرنى قانداق ئېلىپ بېرىش كېرەك؟ مېنىڭ قارىشىم مۇنداق:

ئالدى بىلەن ئوقۇش مەسىلىسى ئۈستىدە توختىلاي: ۋ. ئا. سۇخوملىنىسكى: "ئوقۇش ئىقتىدارى — ئۆگىنىش ئىقتىدارى ئىچىدە ئەڭ ئالدىنقى ئورۇننى ئىگەللەيدۇ" دېگەن ئىدى. بۇنىڭدىنمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش ئىقتىدارىنى ئوستۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى كورۇۋېلىشقا بولىدۇ. چۈنكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش ئىقتىدارى يېتىشتۈرۈلگەندىلا، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش، بىلىمنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇش، قالغان 3 جەھەتتىكى ئىقتىدارنى يۇكسەلدۈرۈش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

ئوقۇش — ئۈنلۈك ئوقۇش ۋە ئىچىدە ئوقۇشنى ئوز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۈنلۈك ئوقۇشتا، توغرا، راۋان ۋە ھېسسىياتلىق ئوقۇش تەلىۋىنى قويۇش كېرەك. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن توغرا ئوقۇشنى، يەنى بەزى ھەرپلەرنى چۈشۈرۈپ قويماي ياكى قوشۇۋالماي تەينەن ئوقۇش، سوز — ئاتالغۇلارنى توغرا تەلەپپۇز بىلەن ئوقۇشنى قولغا كەلتۈرۈش، ئاندىن تەدرىجى ھالدا راۋان ۋە ھېسسىياتلىق ئوقۇشقا ئوتۇش لازىم. راۋان ئوقۇش — سوز - جۈملىلەر ياكى تېكىستلەرنى ئوقۇغاندا دۇدۇقلىماي ئوقۇش، ئورۇنسىز تىنىپ ياكى ئۈزۈپ قويماي مەلۇم سۈرئەتتە ئوقۇشنى كورسىتىدۇ. ھېسسىياتلىق ئوقۇش — سوز- جۈملىلەرنىڭ مەنىلىرىنى چۈشەنگەن ھالدا، ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن تۈرلۈك ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى توغرا ئىپادىلەپ ئوقۇشنى كورسىتىدۇ. ئۇ، ئۈنلۈك ئوقۇش مەشقىنىڭ يۇقۇرى باسقۇچى بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوبرازلىق تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىشتۈرىدۇ، تۈرلۈك كىتاپلارنى ئوقۇش قىزغىنلىقىنى ئاشۇرىدۇ. شۇڭا ھەر قايسى يىللىقلاردا، بولۇپمۇ يۇقۇرى يىللىقلاردا بۇ جەھەتتە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، بىۋاستە يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىش لازىم. ئوقۇغۇچىلار مەلۇم ئۈنلۈك ئوقۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، تەدرىجى ھالدا ئۇلارنى ئىچىدە چۈشىنىپ ئوقۇشقا يېتەكلەش كېرەك. بۇ، تېخىمۇ مۇھىم بىر ماھارەت. چۈنكى ئوقۇپ قويۇپلا پىكىر يۈرگۈزمىسە، تەپەككۇر قىلمىسا، چۈشەنمىسە، بۇنداق ئوقۇشنىڭ پايدىسى بولمايدۇ.

مېنىڭچە، باشلانغۇچ مەكتەپ 1 -، 2 - يىللىق مەزگىلى ساۋات چىقىرىش باسقۇچى بولغانلىقتىن، توغرا ۋە راۋان ئوقۇش مۇھىم نۇقتا

قىلىنىشى، بۇ مەزگىلدە ئۆگىنىلىدىغان ئوقۇش
مەشىقلىرى داۋاملىق كۆچەيتىلىپ، ئوقۇغۇچى-
لارنىڭ ئوقۇش ئەھۋالىنى كۆزىتىلىپ تۇرۇشى
لازىم. 3- يىللىقنىڭ 1 - مەۋسۇمىدە ئىچىدە
ئوقۇشنى بىر ئاز مەشىق قىلدۇرۇشقا بولىدۇ،
2- مەۋسۇمىدە ئىچىدە ئوقۇش مەشىقى پۈتۈن
ئوقۇش مەشىقىنىڭ ⅓ قىسمىنى ئىگەللىشى،
4-، 5- يىللىقلار ئىچىدە ئوقۇش مەشىقىگە
كۆپرەك ئۇيۇشتۇرۇلۇشى لازىم. چۈنكى يۇقىرى
يىللىقلارنىڭ دەرسلىكلىرىدە تېكىستلەرنى ئىچىدە
چۈشىنىپ ئوقۇپ ئابزاسلارغا ئايرىش، ئابزاس-
لارنىڭ مەزمۇنىنى يىغىنچاقلاش، مەركىزى ئىدى-
يىسىنى تېپىش، مۇھىم سۆز - جۈملىلەرنىڭ
ئاستىغا سىزىش مەشىقلىرى كۆپرەك بېرىلگەن.
بۇ مەشىقلەر ئىچىدە چۈشىنىپ ئوقۇشنى تەلەپ
قىلىدۇ، ئەلۋەتتە. شۇنداقلا، تېكىستلەرنىڭ يېزى-
لىش ئالاھىدىلىكى ۋە مەزمۇنىغا قاراپ ئوقۇ-
غۇچىلارنى ئىچىدە ئوقۇش ياكى ئۈنلۈك ئو-
قۇش مەشىقلىرىگە مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرسا
بولىدۇ. ھەتتا بىر تېكىستنىڭ بەزى ئابزاسلىرىنى
ئۈنلۈك، بەزى ئابزاسلىرىنى ئىچىدە ئوقۇشقا
ئۇيۇشتۇرۇشمۇ مۇمكىن.

ئىككىنچىسى ئاڭلاش. بۇنىڭ مەزمۇن دائى-
رىسى كەڭ. مەسىلەن: مەكتەپ ۋە دەرسخانا
ئىچىدىكى ئاڭلاشقا دائىر مەزمۇنلار: دوكلات
ئاڭلاش، ئوقۇتقۇچى ئوقۇغان، سۆزلىگەن ۋە
چۈشەندۈرگەننى ئاڭلاش، ساۋاقداشلىرى ئوقۇ-
غان ياكى سۆزلىگەننى ئاڭلاش ۋە باشقىلار؛ مەك-
تەپ سىرتىدا ئاتا - ئانىلىرىنىڭ سۆزلىگەن
سۆزلىرىنى ياكى ئۇلار ئېيتىپ بەرگەن تۈرلۈك
ھېكايە - چۆچەكلەرنى ئاڭلاش، جەمئىيەتتە
ياكى كۆرگەزمىخانىلاردا بىرەر ئەھمىيەتلىك
ئىش ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈشلەرنى ئاڭلاش،
رادىيو ئاڭلاش... قاتارلىق ئاڭلاش مەزمۇنلىرى
بار. بۇ قارىماققا ئاددى كۆرۈنسىمۇ، لېكىن
ئۇنىڭغا ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ. ئاڭلاش

ئىقتىدارىنى يېتىشتۈرۈش مەسىلىسى ئوقۇغۇچى-
لارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى يېتىشتۈرۈش بىلەن
زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇ ئاددىيلا ئاڭلاپ قويۇش
مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى ئاڭلاۋېتىپ ئوي-
لاش، تەسەۋۋۇر قىلىش، تەھلىل قىلىش، يەكۈن
چىقىرىش قاتارلىق مۇرەككەپ مېڭە پائالىيەت
جەريانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئوقۇتقۇچى ھەر-
بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئاڭلاش ئىقتىدارىنى ماھىر-
لىق بىلەن كۆزىتىپ مېڭىشى، ئۇلارنى ئاڭلاش
جەريانىدا ئويلاش ۋە پىكىر قىلىشقا يېتەكلىشى
لازىم. ئۇلارنىڭ ئاڭلاش ئىقتىدارىنى ئۆستۈ-
رۈش ئۈچۈن، تۈرلۈك ئۈنۈملۈك شەكىل ۋە
ئۇسۇللارنى قوللىنىش، بولۇپمۇ دەرس ئۆتكەن-
دە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى دەرسكە تو-
لۇق مەركەزلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش
كېرەك.

ئۈچىنچىسى سۆزلەش. بۇ، ئاغزاكى ئىپادى-
لەش دەپمۇ ئاتىلىدۇ، سۆزلەش شەكىللىرىمۇ
خىلمۇ - خىل بولىدۇ. مەسىلەن: سۆز - جۈملى-
لەرنى توغرا تەلەپپۇز بىلەن ئېيتىش، سوئال-
لارغا جاۋاپ بېرىش، رەسىمگە قاراپ سۆزلەش،
ئوقۇغان تېكىستلەرنى ئىخچام ياكى تەپسىلى
ھالدا قايتا بايان قىلىش، شېئىر - قوشاقلارنىڭ
مەزمۇنىنى ئۆز تىلىغا ئايلاندۇرۇپ سۆزلەش،
كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى ئاغزاكى تەرتىپلىك
بايان قىلىش، ھېكايە - چۆچەك ئېيتىش، تەس-
رات سۆزلەش، سۆز مۇسابىقىلىرىنى ئۆتكۈ-
زۈش... قاتارلىقلار. بۇ مەشقلەرنى ئېلىپ بې-
رىشتا، ئوخشىمىغان يىللىقلارغا ئوخشاش بولمى-
غان تەلەپلەرنى قويۇش كېرەك. تۆۋەن يىل-
لىقلاردا بۇ مەشقلەرنى ئالدى بىلەن سۆزلۈك-
لەرنىڭ، بولۇپمۇ يېڭى سۆزلەرنىڭ دەل مەنى-
سىنى، شۇنىڭدەك قارىمۇ - قارشى مەنىلىرىنىمۇ
چۈشەندۈرۈشكە بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىش
لازىم. ئوقۇتقۇچى سۆزلەرنى چۈشەندۈرگەندە
سۆزلىرى ئاددى ۋە چۈشىنىشلىك بولۇشى،

ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ سۆزلىشى لازىم. بولۇپمۇ تۇرمۇشتا كۆپ قوللىنىلمايدىغان كىتابىي سۆزلەرنى شۇنداق چۈشەندۈرۈشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. شۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى يېڭى سۆز - ئاتالغۇلارنىڭ مەنىسىنى توغرا چۈشىنەلەيدىغان ۋە توغرا تەلەپپۇز قىلالايدىغان، سۆزلىگەندە بۇ سۆز - ئىبارىلەرنى توغرا قوللىنىپ، ئوي - پىكرىنى بىر قەدەر ياخشى ئىپادىلىيەلەيدىغان قىلىش كېرەك. بالىلارغا جۈملە مەنىسىنى سۆزلىتىش، بىرەر ئىش ئۈستىدە قىسقا سوئاللارنى سوراپ جاۋاپ ئېلىش، رەسىمنى كۆزىتىشكە تەشكىللەپ مەزمۇنىنى سۆزلىتىش، ئوقۇتقۇچى قىسقا ھىكايە - چۆچەكلەرنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن ياكى بىرەر تېكىستنى ئوقۇتۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى ئوقۇغۇچىلارغا قايتا بايان قىلدۇرۇش قاتارلىق تۈرلۈك مەشىق شەكىللىرىنى قوللىنىش كېرەك.

يۇقۇرى يىللىقلاردا ئۆتۈلگەن تېكىستلەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى تاپقۇزۇش، تېكىست مەزمۇنىنى ئابزاسلار بويىچە تەپسىلىي سۆزلىتىش، ئابزاسلار مەزمۇنىنى يىغىنچاقلاپ سۆزلىتىش، تەسىرات سۆزلىتىش، ھەرخىل شېئىر - قوشاقلارنىڭ مەزمۇنىنى نەسرى شەكىلدە ئۆز تىلىغا ئايلاندۇرۇپ سۆزلىتىش ... قاتارلىق مەشقلەر ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ. لېكىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەۋىيىسىنى توغرا مۆلچەرلەش، ئەگەر سەۋىيىسى تۆۋەن بولسا، بەك قىيىن مەشقلەرنى ئورۇنلاشتۇرماي، ئاساندىن قىيىنغا، ئاددىيدىن مۇرەككەپكە ئۆتۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىش، سەۋىيىسى يۇقۇرى بولسا مۇۋاپىق ئۇسۇل قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ ئىلگىرىلەش يولىنى ئېچىش لازىم.

تۆتىنچىسى، يېزىش. بۇ مەشقنى مەكتەپكە يېڭى كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ھەرپ ئۆگىنىشكە كىرىشكەندىن باشلاپ چىڭ تۇتۇپ، شۇ ئاساستا ئىملا، خۇشخەت مەشقلىرىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش، تەدرىجىي ھالدا ئۇلارنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ توغرا تەلەپپۇزى ۋە گىرامماتىكىلىق قائىدىلىرى بويىچە يېزىشقا يېتەكلەش كېرەك. تۆۋەن يىللىقلاردا ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھەرپلەرنى يېزىش تېخنىكىسى بويىچە چىرايلىق يېزىش، بوغۇملارنى بوغۇم كۆچۈرۈش قائىدىسى، سۆزلەرنى ئەدەبىي تەلەپپۇز بويىچە يېزىش، سۆزلەردىن جۈملە تۈزۈش، كىتاپتىن كۆچۈرۈپ يېزىش، دەپتەر ۋە دوسكىغا ئىملا يېزىش، رەسىمگە قاراپ جۈملە ياكى ئابزاس يېزىش، جۈملىلەرنى تولۇقلاپ يېزىش، خۇشخەت قاتارلىق مەشقلەر ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ، يۇقۇرى يىللىقلاردا خەت توغرا، كۆركەم بولۇش شەرتى ئاستىدا تۇرمۇشتا كۆپ قوللىنىلىدىغان خەت - چەكلەرنى يېزىش، كۆرگەن كىنو، ئوقۇغان كىتاپلىرىدىن تەسىرات يېزىش، زىيارەت ۋە ساياھەتتىن خاتىرە يېزىش، شېئىر - قوشاقلارنى نەسرى شەكىلگە ئايلاندۇرۇپ يېزىش، كۈندىلىك خاتىرە يېزىش، ئۆگەنگەن ئەدەبىي بىلىمگە ئاساسەن تىزىس تۈزۈپ ماقالا يېزىش... مەشقلىرىگە ئۇيۇشتۇرۇلسا بولىدۇ.

ھازىر مەكتەپلەردە سۆزلەش مەشقى تولۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن يېزىش مەشقى ئانچە تۇتۇلمايۋاتىدۇ. "باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ماقالا يازدۇرۇش كېرەكمۇ - يوق؟" دىگەن مەسىلىدە ئوخشىمىغان قاراشلار مەۋجۇت. بۇ قاراشلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ناھايىتى مۇھىم.

ماقالا يازدۇرۇش — باشلانغۇچ مەكتەپ ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىنىڭ مۇھىم تەركىۋى قىسمى. چۈنكى ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز ئوي - پىكرىنى يېزىق ئارقىلىق ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى، يەنى سۆزلەرنى ئىشلىتىش، جۈملە تۈزۈش، تىنىش بەلگىلىرىنى قوللىنىش، ماتېرىيال تاللاش ۋە قۇراشتۇرۇش ئىقتىدارىنى يېتىشتۈرىدىغان

# تىل دەرسىدە كونۇكمە ئىشلىتىش ۋە يازما مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشنىڭ بەزى ئۇسۇللىرى

ئابدۇكېرىم ئابدۇرېھىم

(چىرىيە ناھىيە چىرىيە گۈڭشې ئوتتۇرا مەكتىۋىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى)

خېلى بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار يازغان ئىنشا، ماقالا ۋە كونسپېكتلىرىدا ئىملا خاتالىقلىرىدىن خالى بولالمايدۇ؛ شۇنىڭدەك گىراماتىكا قائىدىلىرىگە جاۋاپ بېرەلىسىمۇ، لېكىن مىسال كەلتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ؛ شۇنداقلا سۆز - جۈملىلەرنى گىراماتىكا جەھەتتىن تەھلىل قىلالمايدۇ. بۇ، ئوقۇتقۇچىنىڭ تىل دەرسىدە كونۇكمە ئىشلىتىش ۋە يازما مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشقا كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكىنىڭ ئالامىتى.

مەن بۇ ماقالىدا تىل دەرسىدە كونۇكمە ئىشلىتىش ۋە يازما مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشنىڭ بىرنەچچە خىل ئۇسۇلىنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

## 1. ئېغىزچە كونۇكمە ئىشلىتىش

مورفولوگىيىدە سۆز تۈركۈملىرى، سىنتاكسىستا جۈملە بۆلەكلىرى، ئاددى ۋە قوشما جۈملە، بېقىندى جۈملىنىڭ تۈرلىرى قاتارلىق تېمىلارنى ئۆتكەندە ئۆرگەنگەن كونۇكمىلەرنى ئېغىزچە ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. سىنىپ ئىچىدە ئېغىزچە كونۇكمە ئىشلىتىش ۋاقتىتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. كونۇكمىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا ئىشلىتىش ئارقىلىق ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى پىششىقلاش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

ئۈنۈۋېرسال مەشقتۇر. ئۇنىڭغا بولغان ئەمەلىي مەشقنى كۆچەيتمەي تۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىلدىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنى ئىشلىتىش ئىقتىدارىنى يېتىشتۈرۈشكە بولمايدۇ. شۇڭا باشلانغۇچ مەكتەپتە ماقالا يازغۇزۇش مەشقىنى ۋە بۇ جەھەتتىكى ئوقۇتۇشنى چوقۇم ياخشى ئېلىپ بېرىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇتقۇچى دەرسنى ياخشى تەييارلىشى، ئوقۇتۇشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشى، چارە - تەدبىرلىك بولۇشى لازىم. بەزى يازما مەشقلەرنى ئۆيۈشتۈرۈشتا ئوقۇغۇچىلار قىينىلىدۇ

دەپ قارالسا، ئوقۇتقۇچى ئالدى بىلەن ئۆزى يېزىپ ئۈلگە كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ نېمىنى يېزىش، قانداق يېزىش جەھەتتىكى چۈشەنچىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىغا ياردەم بېرىشى لازىم.

ئومۇمەن ئوقۇش، ئاڭلاش، سۆزلەش، يېزىش قاتارلىقلار ئۆز ئارا بىر - بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىشكە، بىرىنچىلا ئېتىۋار بېرىپ يەنە بىرىنى تاشلاپ قويۇشقا بولمايدۇ، چوقۇم ئۆز ئارا ماسلاشتۇرۇپ ئېلىپ بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىقتىدارىنى ئوخشاش يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

ئېغىزچە ئىشلىنىدىغان كونۇكمىلەرنى يېڭى دەرس ئۆتۈشتىن بۇرۇن ۋە يېڭى دەرسنى تەكرارلاش باسقۇچلىرىدا ئىشلىتىش ياخشى نەتىجە بېرىدۇ. چۈنكى، بۇ باسقۇچلاردا ئوقۇغۇچىلاردىن بىرنەچچە سوئال سوراش ۋە ئېغىزچە بىرەر كونۇكمە ئىشلىتىش ئارقىلىق ئۆتۈلگەن دەرسنى تېخىمۇ ياخشىراق ئۆزلەشتۈرگىلى، ئۇلارنىڭ بىلىمىنى توغرا باھالىغىلى بولىدۇ. ئەگەر كونۇكمىلەرنى يازمىچە ئىشلەتكەندە ئاز دېگەندە 20 مىنۇت ۋاقىت كەتسە، ئېغىزچە ئىشلەتكەندە 5 مىنۇتتىن 10 مىنۇتقىچە ۋاقىت كېتىدۇ. ئېغىزچە ئىشلىنىدىغان كونۇكمىلەردە ئالدى بىلەن ئوقۇغۇچىلاردىن بىرنەچچە جۈملىدىكى بەلگىلىك بىر سۆز تۈركۈمىنى تېپىپ، ئۇنىڭ ياسىلىشى ياكى تۈرلىنىشىنى، شۇنىڭدەك مەلۇم بىر جۈملە ئىچىدىن مەلۇم بىر بۆلەكنى تېپىپ، ئۇنىڭ قايسى سۆز تۈركۈمىدىن كەلگەنلىكىنى، قوشما بېقىندى جۈملىدىكى بېقىندى جۈملىنىڭ تۈرىنى ئېيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش كېرەك. بۇ تەلەپنى ئورۇنلاش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى ئۇسۇللارنى قوللىنىش مۇمكىن:

1) ئوقۇتقۇچى ئالدى بىلەن كونۇكمە ئىشلەشتە كۆزدە تۇتۇلىدىغان مەقسەتنى ئوقۇغۇچىلارغا ئۇقتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ دىققىتىنى توپلايدۇ - دە، تېكىستنى ئوقۇيدۇ. ئاندىن قول كۆتەرگەن ياكى ئۆزى بەلگىلىگەن ئوقۇغۇچىنى تۇرغۇزىدۇ. ئورنىدىن تۇرغان ئوقۇغۇچى ئوقۇتقۇچىنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن، بېرىلگەن جۈملە ئىچىدىن ئىزدەلگەن سۆزنى تېپىپ، ئۇنى تەھلىل قىلىدۇ.

2) بارلىق ئوقۇغۇچىلار كونۇكمە تېكىستىنى بىر قۇر ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، ئوقۇتقۇچىنىڭ تەكلىۋى بويىچە بىر ياكى ئىككى ئوقۇغۇچى ئورنىدىن تۇرۇپ، كونۇكمىنى ئېغىزچە ئىشلەپ بېرىدۇ. ھەرقايسى ئوقۇش يىلىدا كونۇكمىلەرنىڭ يېرىمى ئېغىزچە ئىشلىنىپ مېڭىلسا، ھەر بىر پاراگراپ ئىچىدىكى كونۇكمىلەر ۋاقتىدا تۈگەپ بارىدۇ. جۈملە بۆلەكلىرىنى ئۆتكەندە دەرسلىكتىكى كونۇكمىلەر ئازلىق قىلسا، ئوقۇتقۇچى ئۆزى بىرنەچچە كونۇكمىنى يېڭىدىن تۈزۈپ، ئوقۇغۇچىلارغا ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ يىلنىڭ بېشىدا مەكتىۋىمىزدىكى تىل ئوقۇتقۇچىلىرى "كونۇكمىلەرنى ئىشلىتەلمەيۋاتىمىز، ئېشىپ قېلىۋاتىدۇ" دېگەن ئىنكاسلارنى بەرگەن ئىدى. سۈرۈشتۈرۈپ كۆرسەك، ئۇلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆيدە ئىشلەپ كېلىشىگە خېلى جىق كونۇكمىلەرنى بېرىپ تۇرغان بولسىمۇ، يەنە خېلى كۆپ كونۇكمە ئېشىپ قاپتۇ. ئوقۇتقۇچىلار سىنىپتا ئىشلەتكەن كونۇكمىلەرنىڭ ھەممىسىنى دوسكىغا ھەم ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەپتەرلىرىگە يازدۇرۇپ ئىشلىتىپتۇ. بىر كۈنى تولۇقسىز 2 - يىللىق سىنىپتا ياسالما سۈپەتلەرنى تېپىش كېرەك بولغان (8 جۈملىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) بىر كونۇكمىنى ئوقۇتقۇچى بىر ئوقۇغۇچىغا دوسكا ئارقىلىق 40 مىنۇت چامىسىدا ئىشلىتىپتۇ، قالغان ئوقۇغۇچىلار دەپتەرلىرىگە يېزىپتۇ. كونۇكمىدىكى تەلەپ ياسالما سۈپەتنى تېپىش ئىكەن. بۇنى كۆڭۈلچە ياكى ئېغىزچە ئىشلەش مۇمكىن ئەمەسمىدى؟ كېيىن بىز مۇشۇ خاراكتېردىكى كونۇكمىلەرنى ئېغىزچە ئىشلىتىشنى تەشەببۇس قىلدۇق. ئابدۇراخمان مۇسا قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلار بۇ ئۇسۇلنى قوللىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىمىنى مۇستەھكەملىگىلى ھەم ئۇلارنى تېخىمۇ ياخشىراق باھالىغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالدى. بايان قىلغان پىكىرلىرىمىزدىن "بارلىق كونۇكمىلەرنى ئېغىزچە ئىشلىتىۋېرىش كېرەك" دېگەن مەنا چىقمايدۇ. ئايرىم سۆزلەرنىڭ قانداق يېزىلىدىغانلىقىنى، تىنىش بەلگىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئۆزلەشتۈرۈشكە ئاسان بولغان كۆپلىگەن كونۇكمىلەرنى سىنىپ ئىچىدە ئېغىزچە ئىشلەتكەن

ۋە ئۆي تاپشۇرۇقى سۈپىتىدە بەرگەندىن تاش-
قىرى، زۆرۈر تېپىلغاندا كۆپرەك ۋاقىت ئاجرى-
تىپ، سىنىپ ئىچىدە يازما مەشغۇلاتلارنى ئۆت-
كۈزۈشكە بولىدۇ.

مەن بىر سائەتلىك تىل دەرسىدە ئېغىز-
چە كۆنۈكمىنىڭ قانداق ئىشلىتىلگەنلىكىنى
كۆرسىتىپ ئۆتەي: ئوقۇتقۇچىمىز ئابدۇراخمان
تولۇقسىز ئوتتۇرا 2 - يىللىق سىنىپقا كىرىپ
يېڭى دەرس ئۆتۈشتىن بۇرۇن سوئالنى ئوتتۇ-
رىغا قويۇپ، بىر ئوقۇغۇچىدىن جاۋاب ئالغان-
دىن كېيىن، بىر كۆنۈكمىنى ئاستا ئوقۇپ
بەردى. ئوقۇغۇچى ئوقۇتقۇچىنىڭ تەلىۋىگە ئا-
ساسەن، ئوقۇلغان كۆنۈكمە تېكىستىنى دىققەت
بىلەن ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىكى سانلارنى، ئۇلارنىڭ
تۈرلىرىنى ئېيتىپ بەردى. ئوقۇتقۇچى قوشۇم-
چە سوئاللارغىمۇ جاۋاب ئالدى. كۆنۈكمىنى
ئىشلەشكە پەقەت 5 مىنۇت ۋاقىت كەتتى. ئو-
قۇتقۇچى بۇ ئارقىلىق ئۆتكەن دەرسنى ياخشى-
راق مۇستەھكەملىدى ۋە ئوقۇغۇچىنىڭ بىلىمى-
نى باھالاپ نومۇر قويدى. ئېغىزچە كۆنۈكمە
ئىشلىتىشنى يېڭى دەرسنى ئۆتۈپ بولغاندىن
كېيىنكى باسقۇچتا ئېلىپ بېرىشقىمۇ بولىدۇ.
ئەگەر سىز بۈگۈن بىر يېڭى دەرس ئۆتكەن
بولسىڭىز، يېڭى دەرستىن كېيىن ئوقۇغۇچىلار-
دىن بىر ياكى ئىككى سوئال سوراپ، بىرەر
كۆنۈكمىنى ئېغىزچە ئىشلىتىپ، ئىككى كۆنۈك-
مىنى ئۆيدە ئىشلەشكە بېرىشىڭىز مۇمكىن. 2 -
سائەتتە يېڭى دەرس ئۆتۈشتىن ئاۋال، ئىلگى-
رىكى دەرسىڭىزنى سوراپ كۆرۈش بىلەن ئۇ-
نىڭغا دائىر بىرەر كۆنۈكمىنى ئېغىزچە ئىش-
لىتىشىڭىز مۇمكىن. شۇنداق قىلىپ، سىز يەنە
يېڭى دەرس ئۆتكىچە 4 كۆنۈكمىنى ئىشلىتى-
ۋالغان بولىسىز. بۇنىڭ بىلەن ئىلگىرى ئۆت-
كەن دەرسىڭىز يەنە بىر يېڭى دەرس ئۆتكىچە
ئوقۇغۇچىلارغا بىر قەدەر ئۆزلىشىپ قالىدۇ.

## 2. يازما مەشغۇلاتلار

سىنىپ ئىچىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان يازما مەش-
غۇلاتلار گىراماتىكا دەرسىنىڭ بارلىق قىسىم-
لىرىدا ئۆتكۈزۈلۈشى مۇمكىن. تولۇقسىز 1 -
يىللىق سىنىپلاردا سوئال ۋە ئۈندەش جۈملى-
لەر، سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئىملاسى،
تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشى، قوشۇمچىلارنىڭ يې-
زىلىشى، سۆزلەرنىڭ قۇردىن - قۇرغا كۆچۈرۈلۈ-
شى قاتارلىق قائىدىلەرنى ئۆتكەندە، كۆپىنچە
سىنىپ ئىچىدە يازما مەشغۇلاتلار ئۆتكۈزۈش
تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇتقۇچى ئو-
قۇغۇچىلاردىن سوئال سورىغاندا، ئۇلارنىڭ ئې-
غىزچە جاۋاب بېرىشىگىلا قانائەتلىنىپ قالما-
ستىن، ئەمەلىيەتكە كۆپرەك ئېتىۋار بېرىش
كېرەك. ئەگەر ئوقۇغۇچى: "ئ" بەلگىسى ئۈ-
زۈك تاۋۇش بىلەن سوزۇق تاۋۇشنى قوشماي
ئوقۇش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ سوزۇق
تاۋۇشتىن كېيىن ئىشلىتىلمەيدۇ، بەلكى ئۈزۈك
تاۋۇشتىن كېيىن ئىشلىتىلىدۇ دېگەن جاۋابنى
بېرىپ، دەرسلىكتىكى مىسالدىن بىر - ئىككىنى
ئېيتىپ بەرسە، ئۇنىڭغا ياخشى باھا بېرىش
مۇمكىن. مەن مۇشۇ قائىدىنى توغرا ئېيتىپ
بېرەلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە سۆزلەرنى خاتا يازغان
ئوقۇغۇچىلارنى كۆپ ئۇچراتتىم. مەسىلەن، مۇ-
شۇ قائىدىنى ياخشى بىلىدىغان بىر ئوقۇغۇچى
سەنئەت، مەسئۇلىيەت. گېئولوگىيە، رىئايە دې-
گەندەك سۆزلەرنى تامامەن خاتا يازدى. بۇنىڭ
سەۋەبى ئوقۇتقۇچى ئۆتۈلگەن دەرسنىڭ
تەلىۋىنى ئوچۇق بەلگىلەپ، شۇ تەلەپكە
لايىق ئىش ئېلىپ بارمىغانلىقىدا، شۇنداقلا
دەرس سائىتىدىكى ھەر بىر مىنۇتتىن ئۈنۈملۈك
پايدىلىنىپ، يېڭى دەرس باسقۇچىدا ئەمەلىي
مەشغۇلات ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا بىلىمنى ئوب-
دان ئۆزلەشتۈرەلمىگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ.
ئۇنداق بولسا، يېڭى دەرسنى پىششىقلاش با-

ﻗﯘﭼﻪﺩﺍ ﯞﺍﻗﯩﺘﺘﯩﻦ ﺋﯜﻧﯜﻣﻠﯜﻙ ﭘﺎﻳﺪﯨﻠﯩﻨﯩﺶ ﺋﯜﭼﯜﻥ
قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەڭ ياخشىسى، بۇ باسـ
قۇچتا 15 مىنۇتتىن 20 مىنۇتقىچە ۋاقىت بېرىپ
بىرەر سوئالغا ئېغىزچە جاۋاپ ئالغاندىن كېيىن
كوپرەك ۋاقىتنى ئەمەلىي مەشغۇلاتقا سەرپ
قىلىش پايدىلىق بولىدۇ. مۇشۇ خاراكتېردىكى
دەرسنى ئوتكەندە قائىدىنى بىرنەچچە مىسال
كەلتۇرۇپ چۈشەندۇرگەندىن كېيىن، بىر ئوقۇ-
غۇچىدىن ئېغىزچە سوراپ كورۇش كېرەك. بۇ-
نىڭغا ئىككى -ئۈچ مىنۇت كېتىدۇ. ئەمدى دەرسـ
لىكتىكى مىساللارغا قوشۇمچە ئوزىمىز تەييارلىـ
غان سوز ياكى جۈملىنى بىرنەچچە ئوقۇغۇچىـ
نى دوسكىغا چىقىرىش، قالغان ئوقۇغۇچىلارنى
دەپتەرلىرىگە يازدۇرۇش ئارقىلىق كونۇكمە ئىشـ
لەتسەك، ئۇلار دەرسنى پۇختا ئوزلەشتۇرەلەيدۇ.

ئىملا قائىدىسى ئۇستىدە بىرنەچچە سائەت
دەرس ئوتۇلگەندىن كېيىن، قىسقا تېكىستلەر-
دىن تاختا ئىملا ۋە ياد ئىملا دەرسلىرىنى ئو-
تۇش كېرەك. لېكىن تەييارلانغان تېكىستتىكى
كوپلىگەن سوزلەرنىڭ ئىملا قائىدىسى ئىلگىرى
ئوتۇلگەن بولۇشى كېرەك. تولۇقسىز ئوتتۇرا
2 - ۋە 3 - يىللىق سىنىپلىرىدا تىنىش بەلگىلىرىنىڭ
ئىشلىتىلىش قائىدىلىرىنى ئوتكەندىمۇ، هەر
بىر يېڭى دەرس ئوتۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، 10
مىنۇتتىن 15 مىنۇتقىچە ۋاقىت چىقىرىپ،
كونۇكمىلەرنى يازمىچە ئىشلىتىپ تۇرۇش يېڭى
دەرسنى مۇستەهكەملەش ئۇچۇن پايدىلىق. كوپـ
چىلىك ئوقۇتقۇچىلار مۇشۇنداق ئىش ئېلىپ
بارسىمۇ، بىر قىسىم تەجرىبىسى كەمرەك ئو-
قۇتقۇچىلار سوئاللارغا ئېغىزچە جاۋاپ ئېلىش
بىلەنلا يېڭى دەرسنى مۇستەهكەملىمەكچى بو-
لىدۇ. مۇنداق قىلىش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلـ
مەيدۇ. شۇڭا بۇ يىللىقلاردىمۇ بىرنەچچە سا-
ئەت دەرس ئوتكەندىن كېيىن، كوپرەك ۋاقىت
ئاجرىتىپ، سىنىپ ئىچىدە يازما مەشغۇلات ئوتـ
كۈزۈش كېرەك. بولۇپمۇ بىرىككەن قوشما

جۈملىلەر، بېقىندىلىق قوشما جۈملىلەر
ۋە كوچۇرمە جۈملىنىڭ تىنىش بەلگىلە-
رى ئوتۇلگەن چاغدا، يازما مەشغۇلاتلارغا كوپـ
رەك ۋاقىت ئاجرىتىش لازىم. دەرسلىكنىڭ ئا-
خىرىدىكى تىنىش بەلگىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى
هەققىدىكى تېمىلار ئۇچۇن كونۇكمە مەشغۇلات-
لىرى بېرىلمىگەن بولسىمۇ، ئوقۇتقۇچى بۇ
دەرسنى ئوتكەندە بەدىئىي ئەسەرلەردىن پايدى-
لىنىپ، بەدىئىي پارچىلارنى تاللاش بىلەن مە-
لۇم تېكىستلەرنى تەييارلاپ، يازما مەشغۇلاتلارنى
ئوتكۈزۈش كېرەك. بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار
"تولۇقسىز 3 - يىللىقتا سىنتاكسىس ئاز" دەپ،
2 - چارەكنىڭ يېرىمىدا دەرسلىكنى ئوتۇپ
بولىدۇ. بۇ پەقەت قائىدىگە ئېسىلىۋېلىپ، ئە-
مەلىي مەشغۇلاتلارغا ئېتىۋار بەرمىگەنلىكنىڭ
نەتىجىسى. پەقەت يازمىچە ئەمەلىي مەشغۇلات-
لار ئوتكۈزۈلۇپ تۇرۇلغاندىلا، ئوقۇغۇچىلار جۈمـ
لە شەكىللىرىنى بىر - بىرىدىن ئاجرىتالاي-
دىغان، تىنىش بەلگىلىرىنى توغرا ئىشلىتەلەي-
دىغان دەرىجىگە يېتەلەيدۇ.

## 3. ئوي تاپشۇرۇقى بېرىش

گىراماتىكا دەرسىنىڭ پۈتۈن جەريانىدا
ئوي تاپشۇرۇقلىرى داۋاملىق بېرىپ تۇرۇلىدۇ.
ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوي تاپشۇرۇقلىرى سىنىپتا
ئوتكۈزۇلگەن مەشغۇلاتلارغا نىسبەتەن چوڭراق
ئەهمىيەتكە ئىگە. چۈنكى، ئوقۇغۇچىلارغا بېرىلـ
گەن ئوي تاپشۇرۇقلىرىنىڭ مۇددىتى ئۇقتۇرۇلـ
سىمۇ، ئۇنىڭغا كېتىدىغان ۋاقىت ئوقۇتقۇچى تە-
رىپىدىن تەخمىنەن ئولچىنىدۇ. لېكىن ئوقۇغۇچىنىڭ
شۇ ۋاقىت ئىچىدە ئىشلەپ پۈتتۇرۇشى شەرت
قىلىنمايدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن، ئوقۇغۇچى ئەگەر
تاپشۇرۇقنى سۈپەتلىك، توغرا ئىشلەشنى مەق-
سەت قىلىدىغان بولسا، دەرسلىكتىكى قائىدى-
لەرنى بىرقۇر كوزدىن كەچۇرۇپ، تاپشۇرۇقنى
كوڭۇلدىكىدەك ئىشلىيەلەيدۇ، ئوقۇغۇچىداتاپشۇرۇق

ئىشلەشنىڭ بۇنداق ئىمكانىيىتى بولىدىغانلىقىنى كوزدە تۇتۇپ، ئوقۇتقۇچى ئويگە بېرىلگەن تاپشۇرۇققا قارىتا تەلەپنى ئۇستۇنرەك قويۇشى كېرەك. لېكىن بەزى ئوقۇتقۇچىلار تىل دەرس ئوقۇتۇشىدىكى مەقسەت ئوقۇغۇچىلارنى تىل - يېزىقىمىزنى توغرا قوللىنالايدىغان قىلىپ يېتىشتۇرۇش ئىكەنلىكىنى ئەستە مەھكەم ساقلىماي، ئوي تاپشۇرۇقلىرىغا قارىتا قويۇلىدىغان تەلەپنى بىر تەرەپلىمە هالدا تووەنلەشتۇرۇۋېتىدۇ. مەسىلەن، تولۇقسىز 2 - يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۇرلەنگەن ئىسىملارنىڭ ئاستىغا سىزىق سىزىشنى تەلەپ قىلىدىغان بىر كونۇكمە بېرىلىپ، ئوقۇغۇچى كونۇكمىنى توغرا ئىشلىگەن، لېكىن ئىملا خاتالىقىغا يول قويغان بولسا، مۇنداق كونۇكمە ئىشلەشنى تەلەپكە مۇۋاپىق دەپ قاراشقا بولمايدۇ. چۇنكى، ئوقۇتقۇچى مۇندىن ئىلگىرى شۇ كونۇكمىدىكى سوزلەرنىڭ ئىملا قائىدىسى هەققىدە دەرس ئوتكەن. شۇڭا مۇنداق ئىشلەنگەن كونۇكمىگە (ئىملا جەهەتتە توغرا يازمىغانلىقى ئۇچۇن) مۇۋاپىق باها بەرگەندىن تاشقىرى، ئوقۇغۇچىغا بۇندىن كېيىن ئىملاسىنى توغرىلاش كېرەكلىكىنى چۇشەندۇرۇش لازىم.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوي ئاپشۇرۇغىنى ئالدىرىماي ئىشلىشى ئۇلارنىڭ ئىملا قائىدىسىنى ئوزلەشتۇرۇۋېلىشىغا ئىنتايىن پايدىلىق. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوي تاپشۇرۇقلىرىنى سۇپەتلىك ئىشلىشىنى قولغا كەلتۇرۇش ئۇلارنىڭ هەرقانداق ئىشنى پۇختا ئىشلەش، تۇرمۇشنى رەتلىك ئوتكۇزۇش ئادىتىنى يېتىشتۇرۇشتىمۇ بەلگىلىك رول ئوينايدۇ.

مەن شۇنى هىس قىلدىمكى، ئوقۇغۇچىغا قويۇلغان تەلەپ مۇۋاپىق بولسا، ئۇلارنىڭ بىلىم ئوزلەشتۇرۇشىمۇ ياخشى بولىدىكەن. ئەگەر ئوقۇغۇچىلارغا قويۇلىدىغان تەلەپ نامۇۋاپىق (ناهايىتى قاتتىق ياكى ناهايىتى بوش) بولسا، ئۇلارنىڭ بار بولغان بىلىمىمۇ تەدرىجى هالدا ئۇنتۇلۇپ قالىدىكەن ياكى سالامەتلىكىگە تەسىر يېتىدىكەن. شۇڭا ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا بېرىلىدىغان ئوي تاپشۇرۇقلىرىنىڭ سۇپىتىنى ئوستۇرۇش ئۇچۇن، ئوقۇش يىلىنىڭ بېشىدىن تارتىپلا ئۇنىڭغا كوڭۇل بولۇش كېرەك. بۇنىڭ ئۇچۇن، هەرقېتىملىق تاپشۇرۇقنىڭ ئىشلىنىش ئۇسۇلى هەم تەلىۋىنى ئوقۇغۇچىلارغا ئېنىق چۇشەندۇرۇش، تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىنى ۋاقتىدا يىغىۋېلىپ، ئىنچىكە تەكشۇرۇپ ۋە مۇۋاپىق نومۇر قويۇپ، ئالاهىدە ياخشى بولغانلىرىنى ئىلهاملاندۇرۇش لازىم. تەجرىبىلىك ئوقۇتقۇچىلار ئوي تاپشۇرۇغىنى تەكشۇرۇپ، نومۇر قويۇپ، ئۇنى خاتىرىلەپ ماڭىدۇ ۋە چارەكلىك خۇلاسە چىقىرىشتا ئۇنىمۇ هېساپقا ئالىدۇ. يەنە ئوي تاپشۇرۇغىدا كورۇلگەن كەمچىلىكلەرنى ئوز ۋاقتىدا ئوقۇغۇچىلارغا ئۇقتۇرۇپ تۇرۇش كېرەك. بەزى ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىنى ۋاقتىدا يىغىۋېلىپ، ۋاقتىدا تەكشۇرۇپ، كورۇلگەن يېتەرسىزلىكلەرنى ۋاقتىدا تۇزىتىپ تۇرۇشنىڭ ئورنىغا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ "تاپشۇرۇق ئىشلىمەسلىكى" دىن شىكايەت قىلىدۇ. بۇ، توغرا ئەمەس. ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا ئويدە ئىشلەپ كېلىشكە تاپشۇرۇق بەرگەن ئىكەن، ئەلۋەتتە ئۇنى تەكشۇرۇپ تۇرۇشى لازىم.

△ كۇندۇلۇك تۇرمۇشۇڭلارنىڭ كوڭۇللۇك ئوتۇشىنى تىلەيمەن. كۇنلەر ئوتۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ قىممىتىنى ئىزدەپ ئولتارماڭلار، شىرىن ئارزۇ - تىلەكلەرنىڭ هەممىسىنى كەلگۇسىگە قالدۇرۇپمۇ يۇرمەڭلار.

— كىيورى خانىم

# جۇغراپىيىدىكى سانلىق مەلۇمات ئوقۇتۇشى توغرىسىدا

ئوتتۇرا مەكتەپ جۇغراپىيە دەرسلىكىدە ئورۇنلانغان جۇغراپىيىلىك سانلىق مەلۇماتلار بار، بۇ سانلىق مەلۇماتلار ئوتتۇرا مەكتەپ جۇغراپىيە ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئوقۇغۇچىلار مەلۇم مىقداردىكى جۇغراپىيىلىك سانلىق مەلۇماتلارنى ئىگەللەش ۋە ئۇنى ئىشلىتىش ئارقىلىق "جۇڭگو، دۇنيادىكى ھەر قايسى قىتئە، ئوكيان ۋە ئاساسلىق دۆلەتلەرنىڭ جۇغراپىيىسى توغرىسىدىكى ئاساس بىلىملەر" گە ئىگە بولالايدۇ. بۇ سانلىق مەلۇماتلار ئۆزلىرىنىڭ خاراكتېرىگە قاراپ كورسەتكۈچلۈك سانلىق مەلۇمات، تەرتىپلىك سانلىق مەلۇمات ۋە نىسبەتلىك سانلىق مەلۇمات دەپ ئۈچكە بولۇنىدۇ.

1. كورسەتكۈچلۈك سانلىق مەلۇمات. ھەر خىل جۇغراپىيىلىك شەيئىلەرنىڭ سانىنى بىلدۈرىدۇ، ئۇ جۇغراپىيىلىك سانلىق مەلۇماتنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسمى ھېساپلىنىدۇ. مەسىلەن: يەر كولىمىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، دەريا ئېقىنلىرىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىغى، يەر شەكلىنىڭ ئېگىز - پەسلىگى، ھول - يېغىننىڭ ئاز - كوپلىگى، كان مەھسۇلاتلىرىنىڭ زاپاس مىقدارى ۋاھاكازالار.

بۇ مىقدارلار رايون خاراكتېرلىق ئالاھىدىلىكلەرنى ھاسىل قىلىدىغان مۇھىم بەلگە، جۇغراپىيىلىك رايونلارنى ئايرىشنىڭ ئاساسى.

2. تەرتىپلىك سانلىق مەلۇمات. جۇغراپىيىلىك شەيئىلەرنىڭ ئورنى ۋە تەرتىۋىنى بىلدۈرىدىغان سانلىق مەلۇمات. مەسىلەن: مەھسۇلات مىقدارىنىڭ دۇنيا بويىچە بىرىنچى بولۇشى، دۇنيا بويىچە بىرىنچى چوققا...

3. نىسبەتلىك سانلىق مەلۇمات. خاراكتېرى ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئىككى ياكى كوپلىگەن جۇغراپىيىلىك شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مىقدارلىق سېلىشتۇرمىنى كورسىتىدۇ. مەسىلەن: تاغلىق جايلارنىڭ كولىمى مەملىكەت يەر مەيدانىنىڭ نەچچەدىن نەچچە قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ، مەلۇم بىر دولەتنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ئىككىنچى بىر دولەتنىڭ قانچە ھەسسىگە باراۋەر كېلىدۇ.

تەرتىپلىك سانلىق مەلۇمات بىلەن نىسبەتلىك سانلىق مەلۇمات ئىككى ياكى بىر قانچىلىغان ئوخشاش تۈردىكى جۇغراپىيىلىك شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ئېچىپ بېرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئوخشاش تۈردىكى جۇغراپىيىلىك شەيئىلەر ئىچىدىكى رولى ۋە ئورنىنى ئىزاھلاپ بېرىدۇ.

ئوتتۇرا مەكتەپ جۇغراپىيە دەرسلىكىدە، كورسەتكۈچلۈك سانلىق مەلۇمات مۇتلەق كوپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ، سانىنىڭ كوپ، رولىنىڭ مۇھىم بولۇشى تۈپەيلىدىن، بىز تۆۋەندە كورسەتكۈچلۈك سانلىق مەلۇمات ئوقۇتۇشىنى قانداق ئېلىپ بېرىش مەسىلىسىنىلا تەتقىق قىلىمىز.

## ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانلىق مەلۇماتقا بولغان ھېسسى بىلىشىنى يېتىلدۈرۈش

ئوتتۇرا مەكتەپ جۇغراپىيىسىدىكى كورسەتكۈچلۈك سانلىق مەلۇماتلارنىڭ خىللىرى ئىنتايىن كوپ. بۇ، تولۇقسىز 1 - ، 2 - يىللىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىگەللىشىگە مەلۇم قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ بىلىم سەۋىيىسى بىر قەدەر تۆۋەن، تۇرمۇش تەجرىبىلىرىمۇ كوپ بولمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئۇرغۇنلىغان كورسەتكۈچلۈك سانلىق مەلۇماتلارغا نىسبەتەن ھېسسى بىلىشى كەمچىل بولىدۇ. مەسىلەن: دېڭىز يۈزىدىن 500 مېتىر ئېگىز دېيىلسە ئۇ زادى قانچىلىك ئېگىزلىك، 100 مىڭ كۇۋادرات كىلومېتىرنىڭ كەڭلىكى قانچىلىك، 800 مىللىمېتىر ھول - يېغىن قانچىلىك كېلىدۇ،... ئۇلاردا بۇ جەھەتتىكى ساۋاتلار كەمچىل بولىدۇ. ئەگەر ئوقۇتقۇچى ئۇلارنىڭ سانلىق مەلۇمات ھەققىدىكى ھېسسى بىلىشىنى تۇرغۇزۇۋېلىشىغا ياردەم بەرمىسە، بۇ قىممەتلىك سانلىق مەلۇماتلار ئۆلۈك سانلار دوۋىسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ، ئوينىشقا تېگىشلىك رولىنى ئوينىيالمايلا قالماستىن، ئەكسىچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇپ قويىدۇ.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ كورسەتكۈچلۈك سانلىق مەلۇماتىغا بولغان ھېسسى بىلىشىنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن، ئىشنى تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتتىن باشلاش كېرەك.

1 . ئاددى كۈزىتىش، ئولچەش: مەسىلەن، كۈندىلىك تېمپېراتۇرىنى كۈزىتىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇش؛ كىچىك قاچا ئارقىلىق ھول - يېغىن مىقدارىنى ئولچەتكۈزۈش؛ مەكتەپتىن چىقىپ ئوستەڭنىڭ ئېقىن تېزلىكىنى ئولچەپ بېكىتىش؛ تەنتەربىيە مەيدانىنىڭ كولىمىنى ئولچەپ چىقىش...

2 . فىزىكا، ماتېماتىكا قاتارلىق باشقا دەرسلەردە سوزلەنگەن بىلىملەردىن پايدىلىنىپ سانلىق مەلۇمات ئوقۇتۇشى ئېلىپ بېرىش: تولۇقسىز 2 - يىللىق فىزىكا دەرسلىكىنىڭ دەسلەپكى ئىككى بابىدا "ئولچەش" ، "ئېغىرلىق" سوزلىنىدۇ: ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مىقدارنىڭ مۇھىملىغىنى بىلىشىدە، شۇنداقلا ئولچەشنى ئۆگىنىۋېلىشىدا ئىنتايىن پايدىلىق رول ئوينايدۇ، بىزنىڭ كورسەتكۈچلۈك سانلىق مەلۇمات ئوقۇتۇشنى ئېلىپ بېرىشىمىزغىمۇ ناھايىتى چوڭ ياردەم بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇناسىۋەتلىك باشقا دەرس مەزمۇنلىرىنى مەقسەتلىك ئىگەللەش ھەمدە ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانلىق مەلۇمات ئۇستىدىكى ھېسسى بىلىشىنى تۇرغۇزۇۋېلىشىغا، سانلىق مەلۇمات ئوقۇتۇشنى يولغا قويۇشقا پايدىلىق.

3 . ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەت: زاۋۇت، يېزىلارغا بېرىپ مەھسۇلات مىقدارى، مەھسۇلات قىممىتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كولىمىنى ئىگەللەش.

4 . سەپەر: يەرلىك جۇغراپىيە ئوقۇتۇشنى ئاساس قىلىپ، پىيادە سەپەرگە چىقىش، تاقىقا چىقىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئويۇشتۇرۇش ئارقىلىق تاغ - ئېدىرلارنىڭ ئېگىز - پەسلىكى، كولىمىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىنى ھېس قىلدۇرۇش كېرەك.

ئومۇمەن، دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، بەزى ئەمەلىي مەشغۇلاتلارنى ئېلىپ بارغاندا كورسەتكۈچلۈك سانلىق مەلۇماتلارنىڭ مىقدارىغا نىسبەتەن ھېسسى بىلىشكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكىلى، بىلىمىنى بېيىتقىلى، ئەمەلىي خىزمەت ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ.

## جۇغراپىيىلىك سانلىق مەلۇماتلارنى مۇئەييەن دەرىجىدە يىغىنچاقلاپ تۈرلەرگە ئايرىش

كۆرسەتكۈچلۈك سانلىق مەلۇماتلارنىڭ سانى كۆپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ جۇغراپىيە دەرسلىكى تۆت قىسمىنىڭ ھەممىسىدە ئۇچرايدۇ، ئەستە ساقلاش ۋە ئۇنى ئىشلىتىش خېلى قىيىنغا چۈشىدۇ. شۇڭا، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇتۇش جەريانىدا پىلانلىق ھالدا ئومۇملاشتۇرۇپ يىغىنچاقلىشى ئىنتايىن زۆرۈر بولۇپ قالىدۇ.

مەسىلەن: دۆلەتنىڭ يەر مەيدانى رايونلار جۇغراپىيىسىدىكى ئاساسلىق سانلارنىڭ بىرى، ئۇنىڭ سانى كۆپ، شۇنداقلا پارچە - پۇرات، ئەستە ساقلاش تەس. بىز دۇنيادىكى ئاساسلىق دۆلەتلەرنىڭ (دەرسلىككە ئاساسەن) كۆلىمىنى تۆۋەندىكىدەك جەدۋەلگە يىغىنچاقلاپ، ئاندىن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلساق ئەستە ساقلاش ئاسانلىشىدۇ.

| قىتئە / دۆلەت / دەرىجە | ئاسىيا 4300 | ئافرىقا 3000 | شىمالىي ئامېرىكا 2100 | لاتىن ئامېرىكىسى 2100 | ئانتاركتىكا 1400 | ياۋروپا 1016 | ئوكيانىيە 897 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| I <500 | جۇڭگو 960③ | | كانادا 996② ئامېرىكا 936④ | برازىلىيە 851⑤ | | سوۋېت ئىتتىپاقى 2240① | ئاۋسترالىيە 770⑥ |
| II 500 – 100 (مەملىكىتىمىزدىكى شىنجاڭ 160) | ھىندىستان (295) ھىندونېزىيە (190) موڭغۇلىيە (156) | سۇدان (251)، ئالجىرىيە (238)، لىۋىيە (175)، ئېفيوپىيە (127)، مىسىر (100) | | ئارگېنتىنا (278) مېكسىكا (197) پېرۇ (128) | | | |
| III (100 – 50) (سىچۈەن 56) | پاكىستان، بىرما، تايلاند | تانزانىيە، زامبىيە | | ۋېنېسۇئېلا چىلى | | فرانسىيە | |
| IV >50 | ياپونىيە، مالايشىيا، ۋېيتنام، فىلىپپىن، لائوس چاۋشيەن، كامبودژا، بېنگال، سىرىلانكا، سىنگاپور... | زىمبابۋې گۋىنېيە گانا | | | | شىۋېتسىيە، نورۋېگىيە، پولشا، ئىتالىيە، يۇگوسلاۋىيە، غەربىي گېرمانىيە، رۇمىنىيە، شەرقىي گېرمانىيە، شىۋېتسارىيە | يېڭى زېلاندىيە |

ھەر قايسى قىتئەلەردىكى دۇنيا بويىچە ئاساسلىق دۆلەتلەرنىڭ يەر مەيدانىنى سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى (يەر كۆلىمىنىڭ بىرلىكى: 10 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر)

يۇقىرىدىكى جەدۋەلدە دۇنيادىكى ئاساسلىق دۆلەتلەرنىڭ يەر مەيدانى بىر قەدەر روشەن ئىپادىلەنگەن. ئوقۇغۇچىلاردىن بىرىنچى دەرىجىلىك دۆلەتلەرنىڭ يەر مەيدانى ۋە تەرتىپىنى بىلىۋېلىش تەلەپ قىلىنغان. تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئىككىنچى دەرىجىلىك دۆلەتلەرنىڭ يەر مەيدانىنى بىلىۋېلىشمۇ قىيىنغا چۈشمەيدۇ. مەسىلەن: بىز جەدۋەلدىن ئالدى بىلەن بۇ دۆلەتلەرنىڭ يەر مەيدانى 1 مىليون — 3 مىليون ($km^2$) ئارىلىقىدا ئىكەنلىكىنى، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئايرىغاندا 1 مىليون — 2 مىليون ئارىلىقىدا مېكسىكا، ھىندونېزىيە، لىۋىيە، موڭغۇلىيە، پېرۇ، ئېفيوپىيە، مىسىر قاتارلىق 7 دۆلەتنىڭ بارلىقىنى، 2 مىليون — 3 مىليون ئارىلىقىدا بولسا ھىندىستان، ئارگېنتىنا، سۇدان، ئالجىرىيە قاتارلىق 4 دۆلەتنىڭ بارلىقىنى كۆرىمىز. 3 ، 4 - دەرىجىلىكلەرنىڭ پەقەت دەرىجىسىنى بىلىۋېلىشلا كۇپايە قىلىدۇ.

كورسەتكۈچلۈك سانلىق مەلۇماتلار ئىچىدە ھاۋا كىلىماتىغا دائىر سانلىق مەلۇماتلارنىمۇ يىغىنچاقلاشقا توغرا كېلىدۇ. ھاۋا كىلىماتىنىڭ سانلىق مەلۇماتى "مىقدارى كوپ بولسىمۇ تولۇق بولماسلىق" تەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغىنى ئۈچۈن، بەزى زورۇر سانلىق مەلۇماتلارنى تولۇقلاشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن: بىز يىغىنچاقلىغان دۇنيا ھاۋا كىلىماتى تۈرلىرىنىڭ پايدىلىنىش سانلىق مەلۇماتىغا زورۇر تولۇقلىمىلارنى قوشتۇق.

| | تۈرلەرى | ئەڭ توۋەن ئايلىق ئوتتۇرىچە °C | ئەڭ يۇقۇرى ئايلىق ئوتتۇرىچە °C | يىللىق ھول - يېغىن مىقدارى | ئالاھىدىلىكى |
|---|---|---|---|---|---|
| ئىسسىق بەلۋاغ | يامغۇر | 25 < | 25 < | 200 < | يىل بويى يۇقۇرى تېمپېراتۇرا، كوپ يامغۇرلۇق بولىدۇ |
| | پەسىللىك شامال | 15 < (شىمال رايونلار) | 25 < | 1500 < | پەسىللىك شامالنىڭ ئالمىشىشى روشەن |
| | ئوتلاق | 20 < | 25 < | 500 – 1500 | قۇرغاق، نەم پەسىل روشەن |
| | قۇملۇق | 10 < | (34° قايىتىدۇ)>25 | 200> | يىللىق پەرق چوڭ |
| موتەدىل ئىسسىق بەلۋاغ | پەسىللىك شامال | 0 < | 25 < | 1000 < | پەسىللىك شامالنىڭ ئالمىشىشى روشەن |
| | ئوتتۇرا دېڭىزچە | 0 < | 25 < | 400 – 800 | سوغاق يامغۇر تىپى |
| موتەدىل بەلۋاغ | دېڭىز - ئوكيان | 0 < | 20> | 500 – 100 | يىللىق پەرق ئاز، ھول - يېغىننىڭ ئايلىق تەقسىملىنىشى تەكشى |
| | پەسىللىك شامال | 0> | 20 < | 500 – 1000 | پەسىللىك شامالنىڭ ئالمىشىشى روشەن |
| | چوڭ قۇرۇقلۇق | 0> | 20 < | 300> | يىللىق پەرق چوڭ |
| سوغاق بەلۋاغ | تەيفەك بورىنى | 0> | 0 – 10 | 250> | يىل بويى سوغاق، بىراق ئىللىق پەسىل مەۋجۇت |
| | مۇزلۇق | 0> | 0> | 250> | قار، مۇزلار يىل بويى ئېرىمەيدۇ |

ھاۋاكىلىماتى تۈرلىرىنىڭ پايدىلىنىش سانلىق مەلۇماتلىرىنى سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى (تېمپېراتورا بىرلىكى C، ھول - يېغىن مىقدارى بىرلىكى mm)

يۇقۇرىدىكى جەدۋەلدە كورسىتىلگەن سانلىق مەلۇماتلار ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتۇشىدا پايدىلىنىش ئۈچۈن بېرىلدى. بۇنىڭدىكى مەقسەت گەرچە ئۇنىڭ ئىلمىيلىكى مۇكەممەل بولمىسىمۇ، ئوقۇغۇچىلارنى ھاۋا كىلىماتى تۈرلىرىنىڭ مىقدارىغا نىسبەتەن دەسلەپكى تونۇشقا ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت. بىراق جەدۋەلدىكى سانلىق مەلۇماتلار دۇنيادىكى تىپىك ھاۋا كىلىماتى تۈرلىرىنىڭ سانلىق مەلۇماتىنى تەھلىل قىلىشنىڭ ھوددىسىدىن چىقالايدۇ، شۇنداقلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ دۇنيا كىلىماتى تۈرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى مىقدار جەھەتتىن بىلىۋېلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرەلەيدۇ.

## كورسەتكۈچلۈك سانلىق مەلۇماتلار ئارقىلىق جۇغراپىيىلىك شەيئىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چۈشەندۈرۈش

كورسەتكۈچلۈك سانلىق مەلۇمات جۇغراپىيىلىك شەيئىلەرنىڭ مىقدارىنى ئىپادىلەيدۇ، بۇ مىقدارلارمۇ باشقا مىقدارلارغا ئوخشاشلا ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، بۇ مىقدارلارنىڭ ئۆزگىرىشى مۇئەييەن باسقۇچقا يەتكەندە سۈپەتتىكى سەكرەش ھاسىل بولىدۇ. سۈپەتتىكى سەكرەش باسقۇچىنى كورسىتىدىغان پەۋقۇلئاددە مىقدار (تۆۋەندە كىرىتىك مىقدار دەپ ئاتايمىز) ھەر

قايسى جۇغراپىيىلىك شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ماھىيەتلىك پەرقلەرنى بىر قەدەر روشەن ئەكس ئەتتۇرىدۇ، شۇڭا بۇنداق كىرىتىك مىقدارغا ئالاھىدە ئېتىۋار بېرىش كېرەك. مەسىلەن: جۇغراپىيىلىك ئورۇننى ئىپادىلەيدىغان مېرىدىئان - پاراللېل گىرادۇسنىڭ ئوزىنى ئېلىپ ئېيتىدىغان بولساق، ئۇ پەقەت يەرشارىدىكى ھەر قايسى نۇقتىلارنىڭ ئورنىنىلا كورسىتىدۇ، بىراق بۇ سانلىق مەلۇماتلار كونكىرىت ھالدا يەر شارىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئىشلىتىلگەندە روشەن جۇغراپىيىلىك مەنىگە ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى نۇرغۇن كونكىرىت كىرىتىك مىقدار ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇنداقتا، قايسىلار كىرىتىك مىقدار بولالايدۇ؟ بىز مېرىدىئان - پاراللېل گىرادۇسىنى مىسالغا ئېلىپ كورەيلى. شىمالىي پاراللېل 21° ۋە شىمالىي پاراللېل 23.5° لەرنىڭ ھەممىسى تۆۋەن كەڭلىككە ياتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نۇرغۇن ئوخشاشلىقلارنىڭ بولۇشىدا شەك يوق، مەسىلەن، بۇ جايلاردىكى يەرلىك تېمپېراتۇرا يۇقىرى... بىراق بىز پەقەت 23.5° نىلا كىرىتىك مىقدار دەپ ئاتايمىز، بۇنىڭ سەۋەبى 21° گەرچە 23.5° قا ئورۇن جەھەتتىن يېقىن بولسىمۇ، لېكىن 23.5° ھەقىقەتەنمۇ سۇپەت ئوزگىرىش باسقۇچىدىكى ئالاھىدىلىككە ئىگە؛ ئۇ يەر شارى تىك يورۇتۇش نۇقتىسىنىڭ ئەڭ شىمالىدا بولۇپ، قۇياش يىلدا ئاران بىر قېتىملا تىك چۈشىدىغان رايون، 21° بولسا بۇنداق ئەمەس. دېمەك، كىرىتىك مىقدارنىڭ كوپىنچە جۇغراپىيىلىك شەيئىلەرنىڭ چېگرا سىزىقىنى كورسىتىدىغانلىقىنى كورۇۋېلىش تەس ئەمەس. ئوتتۇرا مەكتەپ جۇغراپىيە دەرسلىكىدىكى مېرىدىئان - پاراللېل گىرادۇس ئىپادە قىلىدىغان بەزى كىرىتىك مىقدارلار تۆۋەندىكى بىر قانچە خىللارغا بولۇنىدۇ:

ئەگەر ئوقۇتۇش جەريانىدا، مېرىدىئان - پاراللېل گىرادۇسلار ئىپادىلىگەن بەزى كىرىتىك مىقدارلارنى ئوبدان ئىگەللىيەلىگەندە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەر قانداق بىر رايوننىڭ مېرىدىئان - پاراللېل گىرادۇس ئورنىنى بىلىۋېلىشى كوپ ئاسانغا چۈشىدۇ.

جۇڭگو ۋە دۇنيا ھاۋا كېلىماتىنى ئوگەنگەندە، كورسەتكۈچلۈك سانلىق مەلۇماتنىڭ كىرىتىك مىقدارىنى ئايرىۋېلىش تېخىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەسىلەن: جۇڭگونىڭ ھاۋا كېلىماتىنى ئوگەنگەندە، بىرىنچى ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا — 0°C دەل مۇشۇنداق مىقدار. بۇنداق مىقدارغا نىسبەتەن، ئۇنىڭ كىرىتىك بەلگىسىنى بىلىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇلارنىڭ ئاساسىنىمۇ بىلىش كېرەك. 0°C غا نىسبەتەن، ئۇنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى پەسىللىك شامال رايونىدا موتىدىل ئىسسىق بەلۋاغ بىلەن ئىللىق موتىدىل بەلۋىغىنى ئاجرىتىدىغان چېگرا ئىكەنلىكىنى بىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە 0°C، سۇنىڭ سۇيۇق ھالەتتىن قاتتىق ھالەتكە ئوزگىرىدىغان كىرىتىك گىرادۇس ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىش كېرەك، شۇڭا بۇ، ئوسۇملۇكلەرنىڭ قىشتىن چىقىشىدىكى ئەقەللىي شەرت، شۇ سەۋەبتىن ئۇ دائىم كوكىرىپ تۇرىدىغان ئوسۇملۇكلەرنىڭ شىمالدىكى چېگرىسى بولۇپ قالالايدۇ؛ شۇنداقلا يەنە دەريا ئېقىنلىرىنىڭ مۇزلاش مەزگىلىنىڭ بار - يوقلىقىنىڭمۇ مۇھىم چېگرىسى بولالايدۇ؛ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى قاتارلىق ھەر قايسى تەرەپلەردىمۇ بىر قەدەر روشەن ئوخشىماسلىقلارنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ.

كورسەتكۈچلۈك سانلىق مەلۇماتتىكى مۇھىم كىرىتىك مىقدارنى ئىگەللىگەندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلارنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا جۇغراپىيىلىك شەيئىلەرگە نىسبەتەن مىقدار جەھەتتىن تەھلىل يۈرگۈزۈشكە، مىقدار ئارقىلىق جۇغراپىيىلىك رايونلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئېچىپ

بىرىشكە يېتەكلەش كېرەك. مەسىلەن: «شىنجاڭ» بابىنى ئۆگەنگەنـدە، ئوقۇغۇچىلارنى ئالـدى
بىلەن ئىقلىم خەرىتىسىدىن سانلىق مەلۇماتلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا يېتەكلەشكە بولىدۇ؛ تارىمـ
نىڭ بىرىنچى ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 8°C — تىن يۇقۇرى، 7 - ئايـلىق ئوتتۇرىچە
تېمپېراتۇرىسى 24°C تىن يۇقۇرى، بۇنىڭدىن تارىمنى ئىللىق موتىدىل بەلۋاققا مەنسۇپ دىگەن
يەكۈننى چىقارغىلى بولىدۇ. چۈنكى جۇڭگو ئىقلىمىنىڭ تۈرلەرگە ئايرىلىشىدا بىرىـنچى ئايلىق
ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 0° — 10° — قىچە، 7 - ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 20° تىن يۇقۇرى
بـولۇپ، ئىللىق مـوتىدىل بـەلۋاققا ماس كېلىدۇ. ئـوخشاش قائىدىگە ئاساسەن، جۇڭغارىيە
ئويمانلىقىنىڭ سانلىق مەلۇماتى — بىرىنچى ئايدا 16°C — تىن تۆۋەن، 7 - ئايدا 20° — 24° ئارىلىقىدا
بـولغانلىقىغا ئاساسەن، "ئوتتۇرا موتىدىل بەلۋاغ" دەپ يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق هول -
يېغىن مىقدارى ئۆستىدىكى تەھلىلگە ئاساسەن (ئىككى ئويمانلىقنىڭ هول - يېغىن مىقدارى 200mm دىن
تۆۋەن) "بۇ ئىككى يەر قۇرغاق رايونغا مەنسۇپ" دىگەن يەكۈننى چىقىرىشقا بولىدۇ. سانلىق مەلۇماتـ
لاردىن يـەنە تارىم ئويمانلىقىنىڭ كوپ قىسىم جايلىرىدىكى هول - يېغىن مىقدارىنىڭ 50mm دىن
تـۆۋەنلىكىنى، مەملىكىتىمىزنىڭ ئەڭ قۇرغاق رايونى ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئۇ يەرگە تـەكلىماكان
چوڭ قۇملۇغىنىڭ جايلاشقانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، سانلىق مەلۇماتـلار ئارقىلىق
بۇ رايوننىڭ ئىقلىمىدىكى ئالاھىدىلىكلەرنى دەسلەپكى قەدەمدە تەھلىل قىلىپ چىققان بولىمىز.

(«جۇغراپىيە بىلىملىرى» دىن ئېلىندى)

(بېشى 56 - بـەتتە)

شەكىللەندۇرۇشكە، ئۇدا يېڭىلاپ ۋە تـولۇقلاپ
دەۋر قىياپىتىدە يېتىلدۇرۇشـكە توغرا كېلىدۇ.
ئۇندىن باشقا يەنە، مەكتەپ ئىستىلىنى يېتىلـ
دۇرىدىغان، ئۆگىنىش ئىستىلىنى موستەھكەملەيـ
دىغان ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ نۇرلاندۇرىدـ
ىغان بەزى پائالـىيەتلەرنى، مەسـىلەن، يېڭى
ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكـتەپكە كىرىشكە بىرلەشتۈـ
رۇپ ئېلىپ بېرىلىدىغان تەربىيە، چوكانـتال
بايرىمىدىكى قەۋرە سـۇپۇرۇش، 1- ماي، 1-
ئىيۇل ۋە دولەت بايرىمىنى خاتىرلەش قاتارـ
لىق پائالىيەتلەرنى مەقسەتلىك قانات يايدۇرۇپ،
مەكتەپ ئىستىلىنى پارتىيىنىڭ ئىسىل ئىنقىلاۋى
ئەنئەنىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈش، مەكتەپ ئىسـ
تىلىنى مۇستەھكەملەپ ۋە جارى قىلدۇرۇپ، ناـ
چار ئىستىللارنى تۈزـۈش كېرەك. يەنە مەكـ
تەپ تارىخى يېزىش، مەكتەپ ناخشىسى ئېيتىش،
مەكتەپ تارىخى كورگەزمىسى ئېچىش، مەكتەپـ
داشلارنىڭ مەكتەپكە قايـتىش كۈنى قاتارلىق
ئەھمىيەتلىك تەربىيە پائالىيەتلىرى ئارقىلىقمۇ
ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچـىلارنىڭ ئوز مەكتىۋىگە
بولغان شان - شەرەپ تۇيغـۇسى ۋە ئىپتىخاـ
رىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

مەكتەپ ئىستىلىنى ئەڭ زور تىرىشچانلىق
كۆرسىتىپ ياخشـىلاش بىر مەكـتەپنى ياخشى
باشقۇرۇشتا زورۇر بولۇپلا قالماسـتىن، بەلكى
سوتسىيالىستىك مەنـىۋى مەدىنىيەت قۇرۇلۇشى
ئېلىپ بېرىشتا، جەمىيەت كەيپـىياتىنى تۈپتىن
ياخشىلاشقا تەسىر كورسىتىشتە مۇھىم ئەھمىيەتـ
كـە ئىگە. شۇڭا، مەكتەپ رەھبەرلـىكى ياخشى
مەكتەپ ئىستىلىنى يېتىلدۇرۇشنى تېخىمۇ ئاكـ
تىپلىق تونۇشـى، ئۇنىڭغا مەكتەپـنى ياخشى باشـ
قۇرۇشـتىكى مۇھىم ئامىل قاتارىـدا مۇئامىلە
قىلىشى كېرەك.

(«مائارىپ تەتقىقاتى»دىن ئېلىندى)

«باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئۈچۈن ئەدەبىيات دەرسلىگى» نىڭ

# «ئوقۇتۇشتا پايدىلىنىش قوللانمىسى» دىن قانداق پايدىلىنىش كېرەك

ئازات ئىمىرقاسىم

ھەر قانداق ئوقۇتقۇچى سائەتلىك دەرس پىلانىنى تۈزۈشتىن ئىلگىرى، پروگراممىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكى ۋە بىلىم سەۋىيىسىنى تولۇق مۆلچەرلەپ، دەرسلىك ماتېرىيالىنىڭ مەزمۇنىنى ئىگەللەيدۇ، ئاساسىي بىلىمنى قانداق يەتكۈزۈش، مۇھىم ۋە قىيىن نۇقتىلارنى قانداق ئىگەللىتىش، شۇنداقلا ئاساسىي ماھارەت مەشىقلىرىنى قانداق ئېلىپ بېرىش ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزىدۇ، دەرس مەزمۇنىنى ئامماباپ تىل بىلەن چۈشەندۈرۈش ئۈستىدە باش قاتۇرىدۇ. دەرس تەييارلىقى جەريانىدا يۇقۇرقىدەك بىر قاتار مەسىلىلەرنى ئەتراپلىق، ياخشى ھەل قىلىش ئۈچۈن بىر قىسىم قوشۇمچە ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ دەرس مەزمۇنىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. قوشۇمچە ماتېرىياللار ۋە «ئوقۇتۇشتا پايدىلىنىش قوللانمىسى» دىن پايدىلانغاندا ئىجادىي پىكىر قىلىش، مېغىزىنى تاللاپ شاكىلىنى چىقىرىۋېتىشكە ماھىر بولۇش ئىنتايىن زۆرۈر.

بىر قانچە يىللاردىن بېرى «شىنجاڭ مائارىپى»، «ئاقسۇ مائارىپى» ۋە قۇمۇلنىڭ «ئوقۇتۇش تەتقىقاتى» ژۇرناللىرىغا ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىغا دائىر نۇرغۇنلىغان ياخشى ماقالىلار بېسىلدى ۋە بېسىلىۋاتىدۇ. يەنە مائارىپ نەشرىياتى باشلانغۇچ مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرى ئۈچۈن مۇكەممەل بولغان بىر يۈرۈش «ئوقۇتۇشتا پايدىلىنىش قوللانمىسى» نەشر قىلدى. بۇنىڭ بىلەن كەڭ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ دەرس تەييارلاش ۋە دەرس ئۆتۈش ئىشلىرىدا ئوڭايلىق يارىتىلىپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتىمۇ مەلۇم ئىمكانىيەتلەر ھازىرلاندى. نۇرغۇنلىغان تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىمىز بۇ شەرت - شارائىتلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتمەكتە، ئوقۇتۇش مېتودىنى يېڭىلىماقتا.

لېكىن بىر قىسىم يولداشلار بۇ قوشۇمچە ماتېرىيال ۋە پايدىلىنىش قوللانمىلىرىدىن مۇۋاپىق پايدىلانمايۋاتىدۇ. ئۇلار پايدىلىنىش قوللانمىسىدىكى تەھلىل ھەم كۆرسەتمىلەرنى كۆرۈپ چىقىشنى ئارتۇقچە ئاۋارىچىلىق دەپ ھېس قىلىپ، ئۆز قولىدىكى دەرسلىك ماتېرىيالىغىلا تايىنىپ ۋاقىت ۋە كۈچىنى "ئىقتىسات" قىلىۋاتىدۇ ياكى ئوقۇغۇچىلار ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرمەي شۇ پېتىچىلا كۆتۈرۈپ كىرىپ ئىشلىتىۋاتىدۇ. ھەتتا بەزىلەر پايدىلىنىش قوللانمىسىنى دەرسلىك كىتاپ ئورنىدا قوللىنىۋاتىدۇ. بۇ، توغرا ئەمەس. چۈنكى پايدىلىنىش قوللانمىسى، دەرسلىك قوللانمىسى ئەمەس. ئەگەر پايدىلىنىش قوللانمىسىدىكى تەھلىل مەزمۇنلىرى "ۋاقىتنىڭ قىسلىقى"، "تېكىستلارنىڭ كۆپلىكى"، "شەرت - شارائىتنىڭ ناچارلىقى" تۈپەيلىدىن قارا - قويۇق ئۆز پېتىچىلا سۆزلىنىپ كېتىۋەرسە، ئوقۇتقۇچى ئۆز كەسپى ئىختىدارىنى ئۆستۈرۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى

ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا ئىنتايىن ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ، سىنىپتىكى ئورنى ۋە ئابرويىنىمۇ ساقلاپ قالالمايدۇ. ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۇستۇرۇشتىنمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ.

ئۇنداقتا قوشۇمچە ماتېرىيال ۋە پايدىلىنىش قوللانمىلىرىدىن قانداق پايدىلىنىش كېرەك؟

دەرس تەييارلىغىدا بىز ئالدى بىلەن «پايدىلىنىش قوللانمىسى»نى كورمەي، دەرسلىك ماتېرىيالىنى ئەستايىدىل كورۇپ چىقىشىمىز لازىم. تېكىستنىڭ مەزمۇنى، ئوقۇغۇچىلارغا بېرىلىدىغان ئاساسىي بىلىم، ئىگەللىنىدىغان مۇھىم نۇقتا، قىيىن نۇقتا، چۈشەندۇرۇلىدىغان يېڭى سوزلەر، ئېلىپ بېرىلىدىغان ئاساسىي مەشقلەر ئۈستىدە مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈشىمىز كېرەك. ئاندىن پايدىلىنىش قوللانمىسىدا كورسىتىلگىنى بىلەن ئوزىمىزنىڭ ئويلىغىنىمىز ۋە تەھلىل قىلغىنىمىزنى بىرلەشتۇرۇشىمىز لازىم. ئەگەر پايدىلىنىش قوللانمىسىدا كورسىتىلگەن پىكىرلەر ئىجابىي، ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ سەۋىيىسىگە ئۇيغۇن ۋە پايدىلىقلا بولسا، جەزمەن ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشىمىز كېرەك.

ئۇنداق بولسا پايدىلىنىش قوللانمىلىرىنى نېمە ئۈچۈن ئوز پېتىچىلا كوچۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ؟

بىزدە "چايناپ بەرگەن ناننىڭ تەمى بولمايدۇ" دېگەن گەپ بار. شۇنىسى ئېنىقكى، ئوزىڭىز پىكىر يۈرگۈزمىسىڭىز، ئوزىڭىز تەھلىل قىلمىسىڭىز ئۇ ھەرگىزمۇ سىزنىڭ ئوز بىلىمىڭىزگە ئايلانمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەۋىيىسى، ياش قۇرامى ۋە شەرت-شارائىتلار ئوخشاش بولمايدۇ. پايدىلىنىش قوللانمىلىرىدا كورسىتىلگەن سەۋىيە بويىچە دەرس ئوتكەندە، ئەگەر سىزنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىڭىزنىڭ سەۋىيىسى توۋەن بولۇپ، پروگراممىنىڭ تەلىپىگە يېتەلمىگەن بولسا، ئۇ ھالدا ئوقۇغۇچىلار قوبۇل قىلالمايدۇ. بەزى مەكتەپلەر پۈتۈن كۈن ئوقۇسا، بەزى مەكتەپلەر يېرىم كۈن ئوقۇيدۇ. ئەگەر پايدىلىنىش قوللانمىسىدا كورسىتىلگەن ۋاقىت بويىچە دەرس ئوتىمەن دېيىلسە ۋاقىت يېتىشمەسلىك ئەھۋالى كېلىپ چىقىشىمۇ مۇمكىن. مانا شۇنداق ئەھۋاللارنى كوزدە تۇتۇپ، پايدىلىنىش قوللانمىلىرىدىن پايدىلانغاندا ئەلۋەتتە ئوزىمىزنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۇرۇشىمىز لازىم.

كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا:

1. بىز ھەربىر دەرس تېكىستىنى ئوتكەندە شۇ تېكىستتە ئۇچرايدىغان يېڭى سوزلەرنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىنى چۈشەندۇرۇپ ئوتىمىز. پايدىلىنىش قوللانمىسىدا يېڭى سوزلەرگە ئىزاھ بېرىلگەن. ئەمدى سىزنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىڭىز پايدىلىنىش قوللانمىسىدا كورسىتىپ بېرىلگەن يېڭى سوزلەردىن باشقا يەنە بىرقانچە سوزلەرنى چۈشەنمەسلىكى مۇمكىن، ياكى پايدىلىنىش قوللانمىسىدا ئىزاھلانغان بەزى يېڭى سوزلەرنى چۈشىنىشتە يەنىلا قىيىنچىلىق ھېس قىلىشى مۇمكىن. مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئوزىڭىزنىڭ ئىزدىنىپ، پىكىر يۈرگۈزۈپ چۈشەندۇرۇشىڭىزگە توغرا كېلىدۇ.

2. دەرس تېكىستىنى ئوقۇتۇش ھەققىدە «پايدىلىنىش قوللانمىسى»دا بەزى تېكىستلەرنى تېز ئوقۇش، بەزىلىرىنى توغرا ئوقۇش ۋە بەزىلىرىنى ھېسسىياتلىق ئوقۇش... تەلەپلىرى قويۇلغان. ئەگەر سىز ئوتۇۋاتقان دەرس تېكىستىگە پايدىلىنىش قوللانمىسىدا ھېسسىياتلىق ئوقۇتۇشنى تەلەپ قىلغان بولسا، ئەمما ئوقۇغۇچىلىرىڭىزنىڭ ئاساسى ئاجىز بولۇپ، تېخى راۋان ئوقۇش تەلىپىگە يەتمىگەن بولسا، ئۇ چاغدا ئوقۇغۇچىلارغا ھېسسىياتلىق ئوقۇش تەلىۋىنى قويماي، ئالدى بىلەن راۋان ئوقۇش تەلىۋىنى قويۇشىڭىز لازىم. توغرا، راۋان ئوقۇيالمىغان ئوقۇغۇچى تەبىئىيكى ھېسسىياتلىق ئوقۇيالمايدۇ.

3. پايدىلىنىش قوللانمىسىدا بەزى تېكىستلەر چوڭقۇر، ئەتراپلىق، كەڭ دائىرىدە تەھلىل قىلىنغان. ئەگەر ئوقۇغۇچىلىرىڭىزنىڭ سەۋىيىسى شۇ كەڭ دائىرىدە تەھلىل قىلىنغان مەزمۇننى كوتىرەلمىسە، شۇ بويىچە دەرس

ئۆتۈڭ. ئەگەر بەزى دەرس تېكىستلىرىنىڭ تەھلىلى ئاددى، قىسقا بولۇپ قالغان بولسا، ئۆزىڭىز چوڭقۇرلاشتۇرۇڭ. 8 - قىسىم ئەدەبىيات دەرسلىكىگە سوۋېت ئۇيغۇر شائىرى ئۆمەر مۇھەممەدىنىڭ «گۈللەر تېرىدۇق» ناملىق شېئىرى ئەسىرى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن. شېئىر مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى بويىچە (بۇ چاچما شېئىر) شۇ يىللىقنىڭ دەرسلىك مەزمۇنلىرى قاتارىغا تاللاپ كىرگۈزۈلىشى ناھايىتى مۇۋاپىق بولغان. ئەمما «پايدىلىنىش قوللانمىسى»دا يولداشلارنىڭ پايدىلىنىشىغا تەۋسىيە قىلىنغان بۇ شېئىر ھەققىدىكى مەزمۇن بەكمۇ كەڭ ھەم چوڭقۇر تەھلىل قىلىنغان. شېئىردا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەركىزىي ئىدىيە بىلەن دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى ھەققىدىكى مول مەزمۇن بىرلەشتۈرۈلۈپ، شۇ يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاساسى بىلىم ئىقتىدارى ۋە ياش ئالاھىدىلىكىگە ماسلاشمىغان ھالدىكى مۈرەككەپلىكنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ شېئىرنى ئوقۇتۇشقا ئارانلا بىر سائەت ۋاقىت بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن، بەزى ئوقۇتقۇچىلار "شېئىرنىڭ تەھلىلى بەك مۈرەككەپ، شېئىرنى تەلەپ بويىچە ھېسسىياتلىق ئوقۇتىمىزمۇ ياكى شېئىر مەزمۇنىنى ئىگەللىتىمىزمۇ؟ ئۇنىڭدىكى دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشنى ئوقۇغۇچىلار سەۋىيىسىگە لايىقلاشتۇرۇپ چۈشەندۈرسەك ۋاقىت يېتەمدۇ؟ تەھلىلدىكى 'چاررۇسىيە پادىشاسى'، 'چەتئەل گۇماشتىلىرى' 'بولشېۋىكلار پارتىيىسى' دېگەن سۆزلەرگە قايتا ئىزاھات بېرىمىزمۇ - يوق" دېيىشمەكتە. ئوقۇتقۇچىلار ۋاقىتنى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەۋىيىسىنى ئاساس قىلغان ھالدا جانلىق ئۆتۈپ دەرس مەزمۇنىنى تولۇق يەتكۈزۈش جەھەتتە باش قاتۇرسا بولىدۇ.

4 . ھازىر كۆپىنچە ئوقۇتقۇچىلار دەرس تېكىستلىرىنى تەبىئى ئابزاس ۋە بۆلەكلەرگە بۆلۈپ چۈشەندۈرگەچكە، پايدىلىنىش قوللانمىسىدىكى "قاتلام" دېگەن چۈشەنچە ئوقۇتقۇچىلار ئۈچۈنمۇ، ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈنمۇ يېڭىلىق بولۇپ قالغان. بەزى ئوقۇتقۇچىلار قاتلامنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىۋېلىپ دەرس ئۆتسە، بەزىلىرى "چوڭ قاتلام"، "كىچىك قاتلام" دېگەنلەرنىڭ نېمىلىكىنى چۈشۈنەلمىگەن ۋە باشقىلاردىن سوراپمۇ ئېنىق جاۋاپ ئالالمىغان ئەھۋال ئاستىدا، بۇ مۇجمەل نەرسىنى ئوقۇغۇچىلار ئالدىغا سۆرەپ كىرمەي، ئابزاس، بۆلەكلەر بويىچىلا دەرس ئۆتكەن. بۇنداق قىلىش ئەلۋەتتە توغرا. ئۆزىمىز بىلمىگەن ياكى تونۇشىمىزدا مۇجمەل بولۇپ قالغان نەرسىنى ئوقۇغۇچىلارغا تاڭماسلىقىمىز، ئوقۇغۇچىلارنى قايمۇقتۇرماسلىقىمىز لازىم.

5 . پايدىلىنىش قوللانمىسىنىڭ "ئوقۇتۇش ھەققىدە تەكلىپ" قىسمىدا، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئىنتايىن ياخشى ئىجابى پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. پايدىلىق مەسلىھەتلەر بېرىلگەن. شۇنداقتىمۇ بىز يەنىلا مۇستەقىل پىكىر قىلىپ، ئوقۇتۇش مېتودىنى ياخشىلىشىمىز، مائارىپ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇنلىشىشىمىز كېرەك. مەسىلەن، ھازىر ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش مائارىپىنىڭ يۇكسىلىشىگە ئەگىشىپ، بىزنىڭ تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكىمىزدىكى تېكىستلەر ئۈچۈن كۆرسەتمىلىك قورال سۈپىتىدە كولەڭگە چۈشۈرۈش ئاپپاراتىنىڭ لېنتىلىرى ئىشلەنمەكتە. قولىمىزدىكى پايدىلىنىش قوللانمىلىرىنى تۈزگەندە تېخى بۇ نەرسىلەر ئىشلەنمىگەن بولغاچقا "ئوقۇتۇش ھەققىدە تەكلىپ" قىسمىدا ھېچنەرسە دېيىلمىگەن. بىز چوقۇم بۇ كۆرسەتمىلىك قورالدىن ياخشى پايدىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ رەسىمنى كۆزىتىپ رەسىمگە قاراپ سۆزلەش، رەسىمگە قاراپ دەرس مەزمۇنىنى تەھلىل قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشىمىز، ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى قىلىشىمىز لازىم.

ئومۇمەن، دەرسلىكىمىز ئۈچۈن كېرەك بولغان قوشۇمچە ماتېرىيال ۋە «ئوقۇتۇشتا پايدىلىنىش قوللانمىسى» دىن پايدىلانغاندا، ئۇنىڭدىن ئىجادى ۋە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشىمىز، ئۆزىمىز مۇستەقىل پىكىر قىلىشقا ماھىر بولۇشىمىز، ماتېرىيالغا تولۇق ھالدا ئىگىلىۋالماسلىقىمىز لازىم.

# تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيىسى ۋە گېن قۇرۇلۇشى

ئاۋۇت ھاپىز

(شىنجاڭ داشۆي بىئولوگىيە پاكولتېتىدىن)

تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيىسى 19 - ئەسىردىكى ئۈچ چوڭ تەبىئىي پەن كەشپىياتلىرىنىڭ بىرى، بۇ نەزەرىيە بىئولوگىيە پېنىنىڭ ئاساسلىق نەزەرىيىۋى ئاساسى بولۇش بىلەن بىللە يەنە ماركسىزىملىق دىيالېكتىكا ماتېرىيالىزىمنىڭمۇ تەبىئىي پەن ساھەسىدىكى مۇھىم بىر ئىلمىي ئاساسى، شۇڭا بۇ نەزەرىيىنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا ئېنگېلس: "ئەگەر بارلىق كۆپ ھۈجەيرىلىك ئورگانىزىملار، يەنى ئۆسۈملۈك، ھايۋان (ئادەملەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) لارنىڭ ھەممىسى ئۆز ھۈجەيرىلىرىنىڭ بۆلۈنۈش قانۇنىيەتلىرى بويىچە بىر ھۈجەيرىدىن تەرەققىي قىلىپ كەلگەن دەيدىكەنمىز، ئۇنداقتا بۇ خىل ئورگانىزىملارنىڭ ئارىسىدىكى سانسىزلىغان پەرقلەر قەيەردىن كېلىپ قالدى؟ بۇ مەسىلىگە جاۋاپ بەرگەن كىشى تۇنجى قېتىم 3 - چوڭ كەشپىياتنى كەشىپ قىلغان ۋە ئۇنى سىستېمىلىق ئىسپاتلاپ بەرگەن دارۋىندۇر"، دەپ كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدى.

دارۋىننىڭ تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيىسى يالغۇزلا بىئولوگىيىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى پالېئونتولوگىيە، بوتانىكا، زوئولوگىيە، كىلاسسىفىكاتسىيە، فىزىئولوگىيە، سېلىشتۇرما ئاناتومىيە، ئىرسىيەت، سىتولوگىيە، گىستولوگىيە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ھەم مەدەنىيەتشۇناسلىق ساھەلىرىگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە دىيالېكتىكا ماتېرىيالىزىملىق پەلسەپە، يەر شارىدا ھاياتلىقنىڭ كېلىپ چىقىشى، ھەر خىل ئورگانىزىملارنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى، ئادەملەرنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەپەككۇر ئىقتىدارىنىڭ مۇكەممەللىشىشى قاتارلىق كونكرېت مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. دارۋىن بىئولوگىيە پەنلىرى ساھەسىدە ئۆزىدىن بۇرۇنقى كىشىلەر توغرا چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىگەن ئورگانىك دۇنيانىڭ تەدرىجى تەرەققىيات يۆنىلىشى بىلەن خاراكتېرىدىن ئىبارەت تۈپ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۇنى ماتېرىيالىستىك ئاساستا چۈشەندۈرۈپ بەردى. دارۋىننىڭ قارىشىچە، ھاياتلىق تۇساتتىن پەيدا بولۇپ قالغان ئەمەس، ھەمدە ئۆزگەرمەيدىغان نەرسىمۇ ئەمەس، ئىلاھىي تەقدىر تەرىپىدىن يارىتىلغانمۇ ئەمەس، بەلكى ھەر خىل شارائىتنىڭ تەسىرى ئاستىدا ھاياتسىزلىقتىن - ھاياتلىققا، ئاددىيلىقتىن - مۇرەككەپلىككە، تۆۋەن دەرىجىلىكتىن - يۇقىرى دەرىجىلىككە قاراپ تەدرىجى تەرەققىي قىلىپ كەلگەن. ئۇنداقتا دارۋىننىڭ تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيىسى قانداق بارلىققا كەلگەن؟ بۇ سوئالغا ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىدىن سەۋەپ ئىزدەشكە توغرى كېلىدۇ.

19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئەنگلىيىنىڭ سانائىتى، يېزا ئىگىلىكى، پەن - تېخنىكىسى گۈللەپ - ياشناش دەۋرىگە كىرگەن ئىدى. دارۋىننىڭ نەزەرىيىسى دەل مۇشۇ

تەرەققى قىلىپ ئۇرلەۋاتقان كاپىتالىستىك جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى. ئەينى ۋاقىتتا ئەنگلىيىدە "ئەركىن رىقابەتلىشىش" ئارقىلىق جەمئىيەتنى تەرەققى قىلدۇرۇشقا ئىنتىلىش كۆز قاراشلىرى كەڭ تارقالغان بولۇپ، بۇ خىل كۆز قاراشتىكىلەرنىڭ جانلىقلار دۇنياسىدىكى "ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش" دېگۈچىلەرگىمۇ تەسىرى زور بولغان ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن شۇ ۋاقىتتىكى ئېمبرىئولوگىيە، سىتولوگىيە، گېئولوگىيە، پالېئونتولوگىيە قاتارلىق پەنلەردىمۇ زور تەرەققىياتلار بولۇپ، تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيىسىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئىلمىي ئاساسلارنى ھازىرلاپ بەردى. ئەينى ۋاقىتتا ئەنگلىيىدە ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، سېلېكسىيە (ئۇرۇقچىلىق) ساھەسىدە ھەر خىل توخۇ، ئىت، كەپتەر قاتارلىق ئۆي ھايۋان ۋە ئۆي قۇشلىرىنىڭ يېڭى سورتلىرىنى يارىتىش دولقۇنى ئەۋج ئالغان ئىدى، بۇنىڭدىن ئېلھاملانغان دارۋىن شۇ ساھەدىكى يېڭى ۋە ئەمەلىي ماتېرىياللارغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن 1832 - يىلدىن 1837 - يىلغىچە ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ «بېگىل» ماركىلىق ئۆلچەش كېمىسىدە يەر شارىنى 5 يىل ئايلىنىپ ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ نۇرغۇنلىغان يېڭى سورتلىرىنى تېپىپ چىقتى. دارۋىن دېڭىز سەپىرىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن 20 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئەستايىدىل تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، مۇكەممەل ئويلىنىپ ئەڭ ئاخىرىدا ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش جەريانىدا تەبىئىي تاللىنىش نەزەرىيىسىنى ئاساس قىلغان تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيىسىنى كەشىپ قىلدى. دارۋىنچە تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى 5 خىل بولۇپ، ئۇلار: (1) تۈرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى، (2) ئىرسىيەت ۋە ئۆزگىرىشچانلىق، (3) سۈنئىي تاللاش، (4) تەبىئىي تاللىنىش ۋە ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش، (5) ئادەمنىڭ پەيدا بولۇشى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. دارۋىننىڭ مۇنداق مول ئىشەنچلىك ماتېرىياللارغا ئىگە بولغان ۋە شۇ ۋاقىتتىكى ئىلىم - پەن ساھەسىنى زىل - زىلىگە كەلتۈرۈپ غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن دەۋر بۆلگۈچ نەزەرىيىسى 1859 - يىلى «تۈرلەرنىڭ پەيدا بولۇشى» ناملىق ئەسىرىدە تولۇق شەرھىيلەنگەندىن كېيىن بىيولوگىيىنىڭ تەتقىقات دائىرىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ئىككى چوڭ پەلسەپە لاگېرى قورغىنىدا دىيالېكتىكا ماتېرىيالىزملىق تەبىئەت ئىلمىنىڭ ئاساسىغا ئايلاندى. ماركس بىلەن ئېنگېلس دارۋىننىڭ «تۈرلەرنىڭ پەيدا بولۇشى» ناملىق ئەسىرىنى ئەستايىدىل كۆرۈپ، ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بەرگەن. ماركس لاسساللغا يازغان خېتىدە: "دارۋىننىڭ ئەسىرى ناھايىتى يۇقىرى قىممەتكە ئىگە ئىكەن، مەن ئۇنى تارىختىكى سىنىپىي كۈرەشنىڭ تەبىئىي پەنلەر ئاساسى قىلىپ ئىشلەتتىم" دېگەن.

دارۋىننىڭ قارىشىچە: تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەر خىل جانلىقلارنىڭ ھەممىسى چەكلىك بولغان ياشاش شارائىتىغا ئېرىشىش ئۈچۈن كۈرەش يۈرگۈزىدۇ، جانلىقلار ئىندىۋىدلىرى ئارىسىدىكى مۇنداق ئۆزئارا كۈرەش، ئىندىۋىدلارنىڭ ھاياتىنى ھەمدە تۈر توپلىرىنىڭ كۆپىيىشىنى ساقلاپ قېلىشىدىكى تەبىئىي ھادىسە بولۇپ، مۇقىم ياشاش شارائىتى ئاستىدا بەزى ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ، نەتىجىدە ئاز ساندىكى ئىندىۋىدلار ساقلىنىپ قېلىپ، نۇرغۇنلىغان ئىندىۋىدلار يوقىلىپ كېتىدۇ، يەنى ياشاش شارائىتى ئاستىدا پايدىلىق ئۆزگىرىشلەرگە ئىگە بولۇپ ماسلىشالىغانلىرى ئۆز ھاياتىنى ساقلاپ قالىدۇ، پايدىسىز ئۆزگىرىشلەرگە ئىگە بولۇپ ماسلىشالمىغانلىرى ھالاك بولىدۇ. دارۋىن بۇ ھادىسىنى ياشاش ئۈچۈن كۈرەش نەزەرىيىسى ئارقىلىق يېشىپ بەرگەن. ياشاش

ئۇچۇن كۈرەش جەريانىدا تۈر ئىچىدىكى ۋە
تۈرلەر ئارىسىدىكى رىقابەتلىشىشتە قايسى يې-
ڭىپ، قايسى مەغلۇپ بولىدۇ؟ مانا بۇ جانلىق-
لاردىكى ئىرسىيەت ۋە ئۆزگىرىشچانلىق مەسى-
لىسىگە بېرىپ تاقىلىدۇ.

دارۋىن جانلىقلاردىكى ئىرسىيەت بىلەن
ئۆزگىرىشچانلىقنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ساقلىنىدىغان-
لىقىغا دىققەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن شۇ
چاغدىكى دەۋر شارائىت چەكلىمىسى تۈپەيلى-
دىن بۇ مەسىلىگە قارىتا چوڭقۇر چۈشەنچە
ھاسىل قىلىشى يېتەرسىز بولغان ئىدى.
بۇ نۇقتا توغرىسىدا ئۇ كوپ قېتىم ئوز ئەسى-
رىدە ئاق كوڭۈللۈك بىلەن تونۇشتۇرۇپ ئوت-
كەن. ئەسلىيەتتە ھازىرقى زامان گېنېتىكىسى-
نىڭ بوۋىسى بولغان مېندېل، دارۋىن بىلەن
بىر دەۋرنىڭ كىشىلىرى بولسىمۇ،
دارۋىن ئومرىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر مېندېل
ۋە ئۇنىڭ ئۇسۇملۇكلەرنى شالغۇتلاشتۇرۇش
تەجرىبە نەتىجىلىرى بىلەن تونۇشالمىدى.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن بۇيان
ئىرسىيەت توغرىسىدىكى پەننىڭ تەرەققىياتى،
تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيىسىنى تەتقىق
قىلىشنىڭ يېڭى يولىنى ئېچىپ بەردى. 1901 -
يىلى دېۋرىس كوپ يىللىق تەجرىبىسىگە
ئاساسەن «تۇساتتىن ئۆزگىرىش» توغرىسىدىكى
تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇنىڭچە، ھايات-
لىقلارنىڭ تەدرىجى تەرەققىياتىغا تۇساتتىن
بولىدىغان ئۆزگىرىش سەۋەبچى بولىدۇ. بىز
دېۋرىسنىڭ توھپىسى، لېكىن ئۇ بىر تەرەپلى-
مىلىك ھالدا يېڭى تۈرلەر روشەن بولغان،
زور تۇساتتىن بولىدىغان ئۆزگىرىشنىڭ مەھ-
سۇلى دەپ قارىدى. ھازىرقى زامان ئىرسىيەت
ئالىملىرى ئىندىۋىدلاردا پەيدا بولىدىغان
ناھايىتى ئاز تەسىرلەرنىڭ ئۆزگىرىشلىرىمۇ،
تەدرىجى تەرەققىيات جەريانىدا ئىنتايىن مۇھىم
رول ئوينايدۇ، دەپ قارىماقتا. 1910 - يىلى-
دىن كېيىن مورگان ۋە ئۇنىڭ خىزمەتداشلى-
رى تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيىسىنى "گېن"
غا باغلاپ چۈشەندۈردى، ئۇلار تۇساتتىن بول-
دىغان ئۆزگىرىش ئوخشىمىغان گېن تىپلىرى-
نىڭ ئۆزئۆزىن مۇددەتلىك تەبىئى تاللىنىش
رولى ئارقىلىق بولىدۇ، دەپ قارىدى. شۇنىڭ
بىلەن، مورگاننىڭ بۇ خىل تەلىماتى ھازىرقى
زامان دارۋىنىزمى بولۇپ قالدى. 1942 -
يىلىغا كەلگەندە خاكسى قاتارلىق كىشىلەر
مورگاننىڭ يۇقۇرىدىكى "گېننىڭ تۇساتتىن
ئۆزگىرىشى" تەلىماتىنى، ھۆجەيرە يادروسىدى-
كى خروموسومىنىڭ ئۆزگىرىشىگە بىرلەشتۇرۇپ،
تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيىسىنى تەتقىق
قىلدى ھەمدە ھازىرقى كۈندىكى بىيولوگىيە
پېنىنىڭ مۇھىم تەتقىقات مەزمۇنى بولغان
گېن قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت — مالېكۇلىلىق
ئىرسىيەت ئىلمىنىڭ ئاساسىنى يارىتىپ
بەردى. بۈگۈنكى كۈندە ئىرسىيەتكە مۇناسى-
ۋەتلىك بولغان گېن — ئىرسى ماددا بولغان
DNA نىڭ ئۆزئۆندىسى ئىسكەنلىكى، DNA
تۆت خىل دېئوكسى رىبونۇكلېئوتىدلارنىڭ
باغلىنىشىدىن ھاسىل بولغان ئۇزۇن زەنجىر
تۈزۈلۈشىدە ئىسكەنلىكى، ھەر بىر دېئوكسى
رىبونۇكلېئوتىدنىڭ تەركىۋىدە بىر دانە فوس-
فات كىسلاتا، بىر دانە دېئوكسى رىبوزا ۋە
بىر دانە ئازوتلۇق ئاساس رادىكالى بولىدى-
غانلىقى، ئازوتلۇق ئاساس رادىكالى تۆت
خىل بولۇپ، ئۇلار — ئادېنىن (A)، گۇانىن
(G)، ستوزىن (C)، تېمىن (T) لار ئىكەنلى-
كى، نۇرغۇنلىغان دېئوكسى رىبونۇكلېئوتىدلار
پولىمىرلىنىپ دېئوكسى رىبونۇكلېئىن كىسلاتا
(DNA) غا ئايلىنىدىغانلىقى مۇقىملاشتى.
ئىرسى ماددا بىلەن ئىرسى بەلگىلەر ئارىسى-
دىكى مۇناسىۋەت مەركەز قانۇنىيىتىگە ئاساسەن
DNA دىكى خەۋەرلەر RNA غا ئۇرۇپ
بېرىلىدۇ، RNA دىن ئاقسىلغا ئاغدۇرىلىدۇ،
شۇنىڭ بىلەن ئاخىرىدا ئاقسىل سىنتېزلىنىدۇ.
شۇڭا، بۇ قانۇن ھازىرقى زامان بىيولوگىيىسى-

دىكى چوڭ بىر كەشپىيات بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. كىشىلەر مانا مۇشۇنىڭدىن باشلاپ مالېكۇلا بىيولوگىيىسى، مالېكۇلىلىق ئىرسىيەت قاتارلىق پەنلەرنى ئاساس قىلىپ، بىيولوگىيە پەنلىرىنىڭ تەتقىقات مەزمۇنىدىن — تەتقىقات ئۇسۇلىغىچە بولغان پۈتۈن قىياپىتىدە ئىرسىيەت قۇرۇلۇشى دەپ ئاتىلىدىغان — گېن قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت يېڭى بىر تېخنىكىنى بەرپا قىلدى.

ئۇنداقتا گېن قۇرۇلۇشى دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ئاساسىي ئىشلىنىش ئۇسۇلى قايسىلار ؟

گېن قۇرۇلۇشى 70 - يىللاردىن باشلاپ مەيدانغا كەلگەن، مالېكۇلا گېنېتىكىسى ئاساسىدا راۋاجلىنىپ چىققان يېڭى بىر تېخنىكا بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارغا ئېھتىياجلىق بولغان ئىرسىي خەۋەرلەر — گېننىڭ مالېكۇلا ئاساسىنى مەلۇم جانلىقنىڭ تېنىدىن ئاجرىتىپ ئېلىپ ياكى سۈنئىي سىنتېزلاپ، باشقا بىر خىل جانلىقنىڭ تېنىدىكى ھۈجەيرىگە يوتكەپ، جانلىقلارنىڭ يېڭى تۈرلىرىنى (سورتلىرىنى) ئىجات قىلىش خىزمىتىنى كورسىتىدۇ. بۇنىڭ ئۇسۇلى بەدەننىڭ سىرتىدا ياكى پروبىركىدا ئېنزىم رېئاكسىيىسىنىڭ ياردىمى بىلەن كوزلىگەن DNA پارچىسىدىكى گېننى مۇۋاپىق توشۇغۇچى تەن ئارقىلىق يوتكەپ، شالغۇتلاشتۇرۇلغان DNA مالېكۇلىسىنى ھاسىل قىلىپ، ئاندىن بەدەن ھۈجەيرىسىگە كىرگۈزۈلىدۇ.

گېن قۇرۇلۇشى ھازىر بەزى تەرەققىي تاپقان دولەتلەردە سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، مېدىتسىنا ۋە دولەت مۇداپىئەسى قاتارلىق ساھەلەردە قوللىنىلماقتا. مەسىلەن، بەزى باكتېرىيە، زەمبۇرۇغلار بەزى قىممەت باھالىق مېتاللارنى ئوزىگە بىرىكتۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە، كىشىلەر ھازىر ئەشۇ خىلدىكى باكتېرىيە، زەمبۇرۇغلار تېنىدىكى مېتاللارنى گېن قۇرۇلۇشىدىن پايدىلىنىپ يىغىۋالماقتا. گېن قۇرۇلۇش تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ بۇلغانغان مۇھىتنى تازىلاش ئىقتىدارىغا ئىگە بەزى مىكرو ئورگانىزىملار يېتىشتۈرۈلمەكتە. ھاۋادىكى 79% ئەركىن ئازوت گازى يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق ئوغۇتى، بىراق ئۇ خىل ئازوتنى پۈتۈن يەر شارىدىكى 12 مىڭ تۈر پۇرچاق ئائىلىسىدىكى ئوسۇملۈكلەردىن باشقا تۈردىكى ئوسۇملۈكلەر بىۋاستە پايدىلىنالمايدۇ، پەقەت گېن قۇرۇلۇش تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق پۇرچاق ئائىلىسىگە كىرمەيدىغان ئوسۇملۈكلەردىمۇ ھاۋادىكى ئازوتنى تۇراقلاشتۇرغىلى بولىدۇ، ئۇ ۋاقىتتا ھەر بىر تۈپ ئوسۇملۈك كىچىك تىپتىكى بىر "خىمىيە زاۋۇدى" غا ئايلىنىدۇ.

گەرچە بىيولوگىيە پەنلىرىدە DNA نىڭ نۇسخىلىنىشى، گېننىڭ ئىپادىلىنىشى ۋە ئىرسىي بەلگىلەرنى كونترول قىلىشى، يۇقۇرى دەرىجىلىك ئورگانىزىملارنىڭ خروموسوم تۈزۈلۈشى ۋە ئۇنىڭ فونكسىيىسى، ھاياتلىق پەردىلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى بىلەن فونكسىيىسى، موسكۇل قىسقىرىشىنىڭ مالېكۇلىلىق تۈزۈلمە ھەركىتى، ھەر خىل ئىممونىتېت تەنچىلىرىنىڭ شەكىللىنىشى، ھورمۇنلارنىڭ مالېكۇلىلىق ئاساسى قاتارلىق مۇھىم مەسىلىلەر ھازىرغىچىلىك تېخى تولۇق ھەل بولۇپ كەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن بىيولوگىيە ئالىملىرى زور تىرىشچانلىق كورسىتىپ، جانلىقلارنىڭ ئىرسىي بەلگىلىرىنى كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن مەقسەتلىك ئوزگەرتىپ ھايۋان ۋە ئوسۇملۈكلەرنىڭ يېڭى سورتلىرىنى يېتىشتۈرمەكتە. گېن قۇرۇلۇشى ئارقىلىق ئوسۇملۈك ۋە ھايۋانلارنىڭ تېخىمۇ يېڭى سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈش، بىيولوگىيە ئالىملىرىنىڭ نۆۋەتتىكى مۇھىم تەتقىقات نىشانى بولۇپ قالماقتا.

**مەكتەپ باشقۇرۇش خىزمىتى**

# مەكتەپ ئىستىلى توغرىسىدا

كىشىلەر مەكتەپ ئىستىلىدىن ئىبارەت بۇ ئابىستىراكىت ئۇقۇمنى ،دائىم بىر خىل كورگىلى ۋە تۇتقىلى بولمايدىغان غايەت زور تەربىيىۋى كۈچ دەپ قارايدۇ. ئەمىلىيەتتە، مەكتەپ ئىستىلى كورگىلى ۋە تۇتقىلى بولىدىغان بىر خىل كۈچ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، كىشىلەر ئۇنى قانداقمۇ ھىس قىلىپ يېتەلەيدۇ، يەنە كېلىپ ئۇ ئۇزىنىڭ غايەت زور تەربىيىۋى كۈچ - قۇدرىتىنى قانداقمۇ جارى قىلدۇرالايدۇ؛ مەكتەپ باشقۇرۇش جەھەتتە، بىزنىڭ كوپچىلىك يولداشلىرىمىز ئادەم كۈچى، ماددى كۈچ، مالىيە كۈچى، ۋاقىت، سىگنال قاتارلىق ئامىللارنى باشقۇرۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ، ھالبۇكى، مەكتەپ ئىستىلىدىن ئىبارەت بۇ ئامىلنى بىر خىل تەربىيىۋى كۈچ دەپ قاراش، ئۇنىڭغا خۇددى ئادەم كۈچى، ماددى كۈچ، مالىيە كۈچى، ۋاقىت ۋە سىگنالغا ئوخشاش ئېتىۋار بېرىش، ئۇنى ئىلمىي جەھەتتىن تەتقىق قىلىش تېخى يېتەرلىك ئەمەس.

## 1

مەكتەپ ئىستىلى بىر خىل "كۈچ" مۇ - يوق؟ ئۇ ئەلۋەتتە بىر خىل كۈچ. مەكتەپ ئىستىلى شەكىللەنگەن ھامان، مەكتەپتىكى كوپچىلىك كىشىلەر بىر خىل كۈچكە — ئادەت كۈچىگە ئىگە بولغان بولىدۇ. بۇنداق ئادەت كۈچىنى ئاكتىپ ۋە پاسسىپ ئادەت كۈچى دەپ ئىككىگە بولۇنىدۇ. ئاكتىپ ئادەت كۈچى توغرا كەيپىيات، ئىسىل ئەنئەنە، ئىسىل مەكتەپ ئىستىلىدىن ئىبارەت بولىدۇ، پاسسىپ ئادەت كۈچى ناتوغرا كەيپىيات، يامان مەكتەپ ئىستىلى بولۇپ بۇزغۇنچىلىق ئامىلى ھىساپلىنىدۇ، مەيلى قايسى خىلدىكى بولمىسۇن مەكتەپ باشقۇرۇش خىزمىتىگە كورۇنەرلىك تەسىر كورسىتىدۇ. ئۇ ياكى تەلىم - تەربىيىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان قورقۇنۇچلۇق كۈچ، قورقۇنۇچلۇق ئادەت كۈچى بولۇپ قالىدۇ، ياكى بولمىسا ئۇن - تىنسىز تەربىيىۋى كۈچ، قىممەتلىك ئادەت كۈچى بولۇپ قالىدۇ. بۇ، كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە بېقىنمايدىغان ئوبىكتىپ مەۋجۇدىيەت.

مەكتەپ ئىستىلى زادى قانداق نەرسە؟ بۇ ئوبىكتىپ مەۋجۇدىيەت يەنە كېلىپ قانداق نامايەن بولىدۇ؟ بۇ مەسىلىنى ئەلۋەتتە مەكتەپ ئىستىلىدىن ئىبارەت تەربىيىۋى كۈچنىڭ قانداق شەكىللىنىشىدىن ئىزدىنىپ كورۇشكە توغرا كېلىدۇ. مەكتەپ ئىستىلىدىن ئىبارەت بۇ كۈچ مەكتەپنىڭ ئىلگىرى ئادەم كۈچى، ماددى كۈچ ۋە مالىيە كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ئۇزاق مۇددەتكىچە ئىشلىگەن خىزمەت ئەمىلىيىتى جەريانىدا ئاستا - ئاستا شەكىللىنىدۇ. ئۇ ئىلگىرىكى خىزمەت روھى جەھەتتىكى نەتىجىلەر داۋامىدا ھاسىل بولغان مەنىۋى جەۋھەر، سەرپ قىلىنغان ئادەم كۈچى، ماددى كۈچ، مالىيە كۈچى ۋە ۋاقىت قاتارلىقلار بەدىلىگە كەلگەن، ھازىرمۇ، كەلگۈسىدىمۇ رول ئوينىيالايدىغان مەنىۋى كۈچتۇر. مەكتەپ باشقۇرۇشتىكى بەزى ئامىللار خورايدۇ، ۋاقىت ئوتۇپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى ھالىتى قايتىدىن نامايەن بولمايدۇ، ئوتۇپ كەتكەن ۋاقىت قايتىپ كەلمەيدۇ، ئىشلەنگەن خىزمەت-

لەر تارىخ بولۇپ قالىدۇ، بىراق بىر مەكتەپ-
نىڭ ئىلگىرىكى خىزمەتلىرى بۇنىڭلىق بىلەنلا
پۈتۈنلەي يوقاپ كەتمەيدۇ، ئۇ مەكتەپنىڭ
ھەممىلا جايىدا ئۆز "ئىزى" نى قالدۇرىدۇ،
مانا بۇ "ئىز" بۈگۈن ۋە ئەتىگە تەسىر كور-
سىتىدىغان كۈچتۇر. بۇ "ئىز" مەكتەپنىڭ ھا-
زىرقى ئادەم، مالىيە، ماددىي كۈچ قاتارلىق
ئامىللارنىڭ گەۋدىسىدە بىر - بىرىنى تەقەززا
قىلىدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى، ياكى
شانلىق تۇسىنى، يا بولمىسا غۇۋا، قالايمىقان
ئوبرازىنى نامايەن قىلىدۇ، مەكتەپ ئىستىلى
كىشىلەر ۋۇجۇدىدا مەكتەپتىكى مۇتلەق كۆپ-
چىلىك كىشىلەر ئۇستىدە، مەكتەپتىكى ھەر
خىل خادىملارنىڭ روھى قىياپىتىدە، ئوقۇغۇچى-
لارنىڭ ئۆگىنىش ئىستىلى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ
ئوقۇتۇش ئىستىلى ۋە مەكتەپ رەھبەرلىرىنىڭ
خىزمەت ئىستىلىدا زاھىر بولىدۇ؛ مەكتەپ
ئىستىلى مەكتەپنىڭ مالىيە، ماددىي كۈچ ۋە
خىزمەتلىرىنى تەقەززا قىلغاندا بولسا، مەكتەپ
بىناسى، مەكتەپ قىياپىتى، مەكتەپ ئەدەپ -
قائىدىسى ۋە مەكتەپ تەرتىپ - ئىنتىزامىدا
نامايەن بولىدۇ. مانا بۇ، مەكتەپ ئىستىلىنىڭ
ماددىلاشقان شەكلىدۇر. دېمەك، مەكتەپ ئىس-
تىلى مەكتەپنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مۇھىتىدا
بىر - بىرىنى مانا مۇشۇنداق تەقەززا قىلىپ
تۇرىدۇ، شۇڭا، كىشىلەر ئۇنى سېزىپ، ئىد-
راك قىلىپ يېتەلەيدۇ، كورگىلى ۋە تۇتقىلى
بولىدىغان نەرسىگە ئايلىنىدۇ. يۇقۇرىدىكى
تەھلىلدىن كېيىن مەكتەپ ئىستىلىنى — مەك-
تەپنىڭ ئىلگىرىكى ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ،
مالىيە كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئۇزاق مۇددەتكى-
چە ئىشلىگەن خىزمىتىدە ئېرىشكەن مەنىۋى
نەتىجىسى، شۇ جەرياندا شەكىللەنگەن بىر
خىل تەربىيە كۈچى، بۇ خىل كۈچ ھازىرقى
ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ ۋە مالىيە كۈچىنى
تەقەززا قىلىدۇ ھەم ئۇنىڭدا ئىپادىلىنىدۇ،
شۇنداقلا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ، دەپ
ئېيتىشقا بولامدۇ - يوق.

بىز بىر مەكتەپنىڭ مەكتەپ ئىستىلىنىڭ
ياخشى - يامانلىقىنى مەكتەپكە كىرىش بىلەنلا
ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز. مەكتەپ ئىچىنىڭ پا-
كىزە - رەتلىك ياكى پاسكىنا - قالايمىقان
بولۇشى؛ ئىشىك - دېرىزە ۋە ئەينەكلەرنىڭ
ساق، بىجىرىم ياكى نابوت قىلىنغانلىقى قا-
تارلىقلاردىنمۇ مەكتەپ ئىستىلىنىڭ مەۋھۇم تە-
رەپلىرىنى كورۇۋالالايمىز. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ
يۈرۈش - تۇرۇش، سوز - ھەركەتلىرى، ئو-
قۇغۇچىلارنىڭ كىيىنىش قىياپەتلىرى شۇنداقلا
تازىلىق ئەھۋاللىرى، گۈل - گىيالارنىڭ پەر-
ۋىش قىلىنىشى قاتارلىقلارمۇ مەكتەپ ئىستىلى
بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. يەنە شۇنىمۇ
كورسىتىش كېرەككى، مەكتەپ ئىستىلى قانچە
ئوبدان بولسا، ئۇنىڭ ئىپادىلىنىشى شۇنچە
روشەن، تەربىيە كۈچى شۇنچە زور بولىدۇ.
بېيجىڭ تەجرىبە 1 - باشلانغۇچ مەكتىۋىنىڭ
مۇنداق بىر ئىشىدىن ئۇنى ئېنىق كورۇۋېلىش
مۇمكىن. 1977 - يىلى كۈزدە، ئوقۇش باشلى-
نىپ ئۇزۇن ئوتمەي، جەنۇبىي يەمەن جۇم-
ھۇرىيىتىنىڭ مائارىپ مىنىستىرى بۇ مەكتەپنى
ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا كېلىدۇ. ئۇ، مەكتەپ ئە-
چىدىكى بولۇق ئوسكەن تەك باراڭلىرى ئارى-
دا مەي باغلاپ پىشقان ساپاق - ساپاق ئۈ-
زۈملەرنى ۋە شاخلىرىنى كوتىرەلمەي ئوخشى-
غان خورمىلارنى، شۇنداقلا پىشىپ يېرىلىپ
كەتكەن ئانارلارنى كورگىنىدە، ئوزىنى كوتى-
ۋالغان مەكتەپ مۇدىرىدىن: "بۇ مىۋىلەرنى
مەخسۇس كىشى كۈزەت قىلامدۇ" دەپ سورى-
غان، ئۇ، مەخسۇس كىشىنىڭ كۈزەتچىلىك
قىلىپ ئولتارمايدىغانلىقىنى بىلگىنىدە، باللار-
دا ئوزىنى تۇتىۋېلىش كۈچى نېمىشقا شۇنچى-
ۋالا زور بولىدۇ، دەپ ئەجەپلەنگەن، ئۇ:
"ماڭا ئوخشاش بىر ئادەممۇ بۇ شەربەتلىك

مېۋىلەرنى كۆرگىنىمدە، ئۇنى قول ئۇزىتىپ ئۈزمىگەندىمۇ تاماقلىرىنى چاكىلداتماي تۇرالمايدۇ، سىلەردىكى 6، 7 ياشلىق، 10 ياشلىق بالىلار ئۆزلىرىنى نېمە ئۈچۈن شۇنچىلىك دەرىجىدە كونترول قىلالايدۇ» دېگەن. مەكتەپ مۇدىرى ئۇنىڭغا مەكتەپتىكى ئومۇمنىڭ مۈلكىنى ئاسراشتىن ئىبارەت مەكتەپ ئىستىلىنى تونۇشتۇرغان: بالىلار ئومۇمنىڭ مۈلكىنى سۆيۈشنى چەكسىز شەرەپ دەپ بىلىدۇ، شۇنداقلا ئومۇمنىڭ مۈلكىگە زىيان يەتكۈزۈشنى ئەڭ چوڭ نومۇس دەپ قارايدۇ. شامال بەزىدە بىر نەچچە تال ئۈزۈم ۋە بىر ئىككى دانە خورمىنى سوقۇپ چۈشۈرۈۋەتكەندە، بالىلار ئۇنى ئاۋايلاپ تېرىۋېلىپ ئىلمى بولۇمگە ئەكىرىپ بېرىدۇ. مېۋىلەرنىلا مۇشۇنداق ئاسراپ قالماستىن، مەكتەپنىڭ گۈل - گىيا، ئۈستەل - ئورۇندۇقلىرىنىمۇ زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىتىپ باققىنى يوق. 10 يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە، ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش ئەۋج ئالدى، بىراق مەكتىۋىمىزدىكى بىرەر كىشىمۇ بىر تال ئۈزۈمنى ئۈزۈپ باققىنى يوق. بىرەر پارچە ئەينەكنى مەقسەتلىك سۇندۇرغانلار تېخىمۇ بولمىدى. ھەر يىلى يېڭى ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە كىرىش بىلەن، ئوقۇتقۇچىلار ئۇلارغا مەكتەپ ئەنئەنىسى ھەققىدە ئۆز ۋاقتىدا تەربىيە بەرگەننىڭ سىرتىدا، تېخىمۇ مۇھىمى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئۆز ئارا ئاگاھ بولۇشۇپ، ئۆز ئارا نازارەت قىلىش رولىنى ئوينىدى. مۇشۇنداق نەچچە ئون يىللاپ ئەۋلادتىن - ئەۋلاد داۋاملىشىش جەريانىدا، ئۇ بىر خىل ئىستىل بولۇپ شەكىللەندى، قالايمىقانچىلىقلار يۈز بەرگەندىمۇ بۇزۇلماي كەلدى. بۇ مىسال مەكتەپ ئىستىلىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ بىر خىل «كۈچ» ئىكەنلىكىنى، بالىلارغا سىڭگەن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش كۈچى، تاماق چاكىلدىغاندىمۇ ئازدۇرمايدىغان كۈچ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇ مەكتەپ باغچىسىنى 10 يىللىق ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاشنىڭ زوراۋانلىقىدىن ئامان ساقلاپ قالدى. شۇڭا، بىز مەكتەپ ئىستىلىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ئېنىق كۆرۈشىمىز، ئۇنىڭغا مەكتەپ باشقۇرۇشتىكى مۇستەقىل ئامىل قاتارىدا مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك. بىز ئادەم كۈچىگە مۇئامىلە قىلىش جەھەتتە، ھەم قىزىللاشقان، ھەم ئىختىساسلاشقان ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىش بىلەن بىرگە، مەكتەپ ئىستىلىدىن ئىبارەت بۇ «ئىككىنچى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى»نىمۇ قۇرۇپ چىقىشقا تىرىشىشىمىز؛ ماددى كۈچ ۋە مالىيە كۈچى قاتارلىقلارغا مۇئامىلە قىلىش جەھەتتە، مەكتەپ بىناسى، مەكتەپ ماددى مۇھىتى قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرگە، مەكتەپ ئىستىلىدىن ئىبارەت بۇ «مەنىۋى مۇھىت» قۇرۇلۇشىنىمۇ تىرىشىپ ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك. بۇ بىزنىڭ مەكتەپنى ئوبدان باشقۇرۇپ، مەكتەپنى مەنىۋى مەدەنىيەت بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىزدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 2

ئىنسانىيەت توپلىغان مەنىۋى بايلىقلارنى تەربىيىلەنگۈچىلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىش — مائارىپنىڭ ماھىيىتىدۇر. بۇ خىل يەتكۈزۈپ بېرىش جەريانى — مائارىپ خىزمەتچىلىرىنىڭ تەربىيىلەنگۈچىلەرنىڭ مەنىۋى سۈپىتىگە نىسبەتەن «پىششىقلاش» ئېلىپ بېرىش جەريانى، شۇنداقلا تەربىيىلەنگۈچىلەرنىڭ مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنى ئۇستۇرۇش ۋە قوراللاندۇرۇش جەريانىدۇر. مائارىپتىن ئىبارەت بۇ «زاۋۇت» ئىشلەپچىقارغان تەربىيىلەنگۈچىلەرنىڭ ئىدىيىسى، ئەخلاقى، بىلىمى، قابىلىيىتى، تېخنىكا سەۋىيىسىنىڭ ئۇسۇشى قا-

تارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان "مەھسۇلاتلار" مەنىۋى كاتېگورىيىگە ياتىدۇ. شۇڭا، مەكتەپ ئىستىلىدىن ئىبارەت بۇ مەنىۋى كۈچ تەلىم-تەربىيە جەريانىدا ئالاھىدە رول ئوينايدۇ. ھەر قانداق قائىدە-تۈزۈم، ھەر قانداق باشقۇرۇش ئاپاراتى مەيلى ئۇ قانچىلىك ئەپچىللىك بىلەن قىياس قىلىنمىسۇن ھامان مەكتەپ ئىستىلىنىڭ تەلىم-تەربىيىدىكى رولىنى ئوينىيالمايدۇ.

ئۇنداقتا، مەكتەپ ئىستىلىنىڭ رولى قايسىلار؟ ئۇ قانداق رول ئوينايدۇ؟

بىرىنچى، مەكتەپ ئىستىلى سىڭىپ كىرىش كۈچىگە ئىگە. مەۋجۇدىيەت ئاڭنى بەلگىلەيدۇ. بىر مەكتەپتە، ئىسىل مەكتەپ ئىستىلى شەكىللەنگەن ھامان، ئۇ، مۇشۇ مۇھىتتا ياشاۋاتقان ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارغا، بولۇپمۇ ئوقۇغۇچىلارغا بىلىندۈرمەستىن تەسىر كۆرسىتىدۇ، خۇددى "سىم-سىم باھار يامغۇرى"دەك ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلب ئېتىزلىرىنى كۆكەرتىدۇ، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى تاۋلايدۇ، بۇ مۇھىتقا يېڭى كەلگەن ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار بۇ خىل تەسىرنى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا قوبۇل قىلىدۇ، يېڭى مۇھىتنىڭ تەلىۋىگە تېزراق ماسلىشىش، يېڭى مۇھىتقا ماسلاشمايدىغان ئەسلىدىكى ئىستىللارنى تۈگىتىش ۋە ئۆزگەرتىش تەقەززاسى ئاشىدۇ.

ئىككىنچى، مەكتەپ ئىستىلى ئىلگىرى سۈرۈش كۈچىگە ئىگە. ئەگەر بىر مەكتەپ رەتلىك ئوقۇتۇش تەرتىۋىگە، جانلىق، جىددى تۇرمۇش ئىستىلىغا، پاكىزە-تىنچ مەكتەپ مۇھىتىغا، ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەپ ئوقۇغۇچىلارنى سۆيۈشتەك ياخشى خىسلەتكە ۋە كىتاپ ئوقۇشتەك كۈچلۈك بىلىم تەقەززاسى كەيپىياتىغا ئىگە بولسا، بۇنداق مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆڭلى-كۆكسى ئازادە، روھى كۆتىرەڭگۈ بولىدۇ، ئۇلارنىڭ فىزىئولوگىك ۋە پسىخىك ھالىتى ھامان ئاكتىپ، جانلىق كېلىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئەخلاقىي، ئەقلىي ۋە جىسمانى جەھەتلەردە جانلىق، تېتىك تەرەققى قىلىدۇ. ئىسىل مەكتەپ ئىستىلى، كوللېكتىپنىڭ شان-شەرىپىنى ساقلاش ۋە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى ئۇلارنىڭ داۋاملىق ئىلگىرىلىشىدىكى بىر خىل ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلىنىدۇ. بۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە تەرەققىياتىدا ئىنتايىن چوڭ ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. مەكتەپ ئىستىلىنىڭ بۇنداق ئىلگىرى سۈرۈش كۈچى قائىدە-تۈزۈملەرنىڭ رولى بىلەن ئوخشاش بولمايدۇ. قائىدە-تۈزۈملەر كۆپرەك پاسسىپ چەكلەشنى ئاساس قىلىدۇ، ھالبۇكى مەكتەپ ئىستىلىنىڭ ئىلگىرى سۈرۈشى بولسا، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنى ئاكتىپلىق بىلەن ئۇدا يۇقۇرى ئۆرلەشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ.

ئۈچىنچى، مەكتەپ ئىستىلى چەكلەش كۈچىگە ئىگە. مەكتەپ ئىستىلى شەكىللەنگەن ھامان، مەكتەپنىڭ ئىسىل ئەنئەنىسىگە بولغان شان-شەرەپ ۋە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلاردا غايەت زور كۈچ پەيدا قىلىدۇ، مەكتەپتىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ ئىستىلىنى ئاڭلىق قوغدايدۇ، كۆپچىلىك مەكتەپ ئىستىلىنى بۇزىدىغان ئادەم ۋە ئىشلارنى تەبىئى ھالدا چەكلەيدۇ ۋە ئۇنى ئېيىپلايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، مەكتەپ ئىستىلى توسقىلى بولمايدىغان، شۇنداقلا ئۇنى ھېچكىممۇ ئاسانلىقچە ئۆزگەرتەلمەيدىغان كۈچكە ئايلىنىدۇ. شۇنداقلا يەنە، بىر مەكتەپتە مەكتەپ قورۇسى پاكىزە-رەتلىك، جاھاز-مۈلۈكلەر بىجىرىم-ساق، ئىشىك-دېرىزىلەر پاكىزە، مۇھىت كۆركەم، تېنچ بولسا ھەمدە ئوقۇغۇچىلار مۇشۇنداق مۇھىتتا ياشىسا، ئايرىم ئوقۇغۇچىلار قەغەز پارچىلىرىنى قالايمىقان تاشلاش، خالىغان يەرگە تۈكۈرۈش،

بىر - بىرىنى قوغلىشىش، ۋاقىراش قاتارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئۆيلىغاندىمۇ، ئۇ تەبىئىي هالدا مۇھىت گۈزەللىكىنىڭ چەكلىنىشىگە ئۇچراپ، مۇھىت بىلەن ماسلاشمايدىغان قىلىقلىرىنى يىغىشتۇرۇۋېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

## 3

ئۇنداقتا، ياخشى مەكتەپ ئىستىلىنى قانداق يېتىشتۈرگىلى بولىدۇ؟

بىرىنچى، توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇش ھەمدە ئۇنىڭ مەزمۇنىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىش كېرەك.

بىز باشقۇرىۋاتقان مەكتەپلەر سوتسىيالىستىك مەكتەپ، ئوبيېكتىلارنى تەربىيىلەش تەلىۋىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ جەزمەن پارتىيىنىڭ مائارىپ فاڭجېنى بەلگىلىگەن تەربىيىلەش نىشانىسىغا ماس كېلىشى كېرەك، بۇ، بىزنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇشىمىزدىكى چىقىش نۇقتا ۋە ئاساس. مەكتەپ ئىستىلىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى ئالدى بىلەن مۇشۇ يۆنىلىشنى گەۋدىلەندۈرۈشى كېرەك. ئۇلۇغۋار كوممۇنىستىك غايىگە ئىگە بولۇش، ھەم قىزىللىشىش ھەم ئىقتىساسلىشىش يولىغا مېڭىش ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلاردىكى ئىپادىسى بولۇشى كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن، مەكتەپ ئىستىلى يەنە ئىزچىللىق ۋە ۋارىسلىق قىلىش خاراكتېرىگە ئىگە. مەكتەپ ئىستىلى يېڭى مەزمۇنلار بىلەن داۋاملىق بېيىتىلىشى، دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە قىلىنىشى، بىراق بۇ يېڭى مەزمۇنلار ئىسىل ئەنئەنە ئاساسىدا ۋە ئىزچىل بولۇش ئالاھىدىلىكىدە جىپسىلاشتۇرۇلىشى كېرەك. مەسىلەن، مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش ئېيىي پائالىيىتى ۋە بەش بولۇش، توت گۈزەل پائالىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، مەكتەپ ئىستىلىنىڭ مەزمۇنلىرىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىش، مەكتەپنى كوممۇنىستىك ئىدىيىنى يادرو قىلغان سوتسىيالىستىك مەنىۋى - مەدەنىيەت بازىسىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك.

ئىككىنچى، ياخشى ئۆگىنىش ئىستىلى، ياخشى ئوقۇتۇش ئىستىلى ۋە ياخشى رەھبەرلىك ئىستىلىنى يېتىشتۈرۈش كېرەك.

ئۆگىنىش ئىستىلى، ئوقۇتۇش ئىستىلى ۋە رەھبەرلىك ئىستىلى مەكتەپ ئىستىلىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئۆگىنىش ئىستىلى بىلەن ئوقۇتۇش ئىستىلى مەكتەپ ئىستىلىنىڭ يادروسى، رەھبەرلىك ئىستىلى بولسا مەكتەپ ئىستىلىنى شەكىللەندۈرۈشتىكى ئاچقۇچ. بۇ ئۈچ ئىستىل بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ، ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىدۇ، قايسى بىرى كەم بولسا بولمايدۇ. ياخشى مەكتەپ ئىستىلىنى يېتىشتۈرۈشتە، ئالدى بىلەن ياخشى ئۆگىنىش ئىستىلىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك، ياخشى ئۆگىنىش ئىستىلى دائىم تىرىشىپ ئۆگىنىش، جاپاغا چىداپ ئىزدىنىش، جىددىي، ئەستايىدىل بولۇش، قىلچىمۇ بىپەرۋالىق قىلماسلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياخشى ئۆگىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشكە كۆپرەك ئەجىر سەرپ قىلىشى كېرەك. مەسىلەن، ئەستايىدىل ئوقۇش، ئالدىن تەييارلىق قىلىش ۋە تەكرارلاشنى ئەستايىدىل ئېلىپ بېرىش، تاپشۇرۇقلارنى ئەستايىدىل ئورۇنلاش، ئۆگىنىشكە ماھىر بولۇش قاتارلىقلار. ياخشى ئۆگىنىش ئىستىلى ياخشى ئوقۇتۇش ئىستىلىدىن كېلىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياخشى ئۆگىنىش ئادىتى، تۇرمۇش ئادىتى، پائالىيەت ئادىتى ئاساسەن ئوقۇتقۇچى تەرىپىدىن يېتىشتۈرۈلىدۇ. شۇڭا ئوقۇتقۇچى كۈندىلىك ئوقۇتۇش جەريانىدا ئالدى بىلەن ئۆزى ئۈلگە بولۇشى، سۆز ۋە ھەركىتى ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىشى، ئوقۇتۇش، يېتەكلەش ۋە ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىشى، ئىلىم - مەرىپەت ئىشلىرىغا جىددى

مۇئامىلە قىلىشى، ھەركىتى دۇرۇس بولۇشى كېرەك. ياخشى ئوقۇتۇش ئىستىلى ھامان رەھبەرلىك ئىستىلىغا باغلىق بولىدۇ. ياخشى مەكتەپ ئىستىلى مەكتەپ رەھبەرلىكىنىڭ ياخشى ئىستىلىنىڭ كېڭەيتىلىشى ۋە تەرەققىياتى ھېساپلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەكتەپ رەھبەرلىكىنىڭ ئۆز ھەركىتى بىلەن ئۈلگە كۆرسىتىشى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەمۇنىسى بولۇپ قالىدۇ.

ئۈچىنچى، مەكتەپ قىياپىتى، مەكتەپ ئەدەپ - ئەخلاقى ۋە مەكتەپ ئىنتىزامىنى ياخشى تۇتۇش كېرەك.

مەكتەپ قىياپىتى، مەكتەپ ئەدەپ - ئەخلاقى ۋە مەكتەپ ئىنتىزامى ھەم شۇ مەكتەپنىڭ ماددى مۇھىتىنى ھەم مەنىۋى مۇھىتىنى نامايەن قىلىدىغان مەكتەپ ئىستىلىنىڭ يەنە بىر تەركىۋى قىسمى ھېساپلىنىدۇ. ئۇ، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىك ھالىتى ۋە مەكتەپ ئىنتىزامىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ياخشى مۇھىت ئاكتىپ تەلىم - تەربىيە ئامىلى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت بەلگىلىرىدىن بىرى ھېساپلىنىدۇ. مەكتەپ رەھبەرلىكى، مەكتەپ بىناسى ۋە مەكتەپ ئەسلىھەلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. مەكتەپ قوروسىدا گۈل - گىيا ئۆستۈرۈلۈشى، ئەتراپ كۆكەرتىلىشى ۋە گۈزەللەشتۈرۈلۈشى، مەكتەپ مۇھىتى كۆركەم ۋە ھاۋالىق بولۇشى؛ ئىچكى قىسمىدىكى مۇھىت پاكىزە، تېنچ بولۇپ، ئوقۇتۇش گىگىنىسى ۋە گۈزەللىك تەربىيىسىنىڭ تەلىۋىگە ماس كېلىشى؛ مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش، تېنچ، تەرتىپلىك بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلۇشى كېرەك. ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش، تۇرمۇشنى تەرتىپلىك ئۆتكۈزۈش، ئومۇمنىڭ مۈلكىنى ئاسراش، مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇشقا ئېتىۋار بېرىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش بويىچە تەربىيىلەش كېرەك. بۇ، ھەم مەكتەپ قىياپىتىنى ۋە مەكتەپ ئەدەپ - ئەخلاقىنى تۈزۈشنى ھەم مەكتەپ ئىنتىزامىنى تۈزۈشنى تەقەززا قىلىدۇ. مۇھىت گۈزەللىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلب گۈزەللىكىنى تاۋلاش ۋە مەكتەپ ئىنتىزامىنى تۇرغۇزۇشقا ياردەم بېرىدۇ، قاتتىق مەكتەپ ئىنتىزامى يەنە كېلىپ مەكتەپ قىياپىتى ۋە مەكتەپ ئەدەپ - ئەخلاقىنىڭ مۇھىت گۈزەللىكىنى ساقلاشقا ياردەم بېرىدۇ. قاتتىق مەكتەپ ئىنتىزامى مۇئەييەن قائىدە - تۈزۈملەر ۋە كونكرېت بەلگىلىمىلەرنى تۇرغۇزۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىنتىزامغا ئاڭلىق رىئايە قىلىش ئادىتىنى تىرىشىپ يېتىلدۈرۈشى كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، كۆڭۈل قويۇپ بەرپا قىلىنغان مەكتەپ قىياپىتى، مەكتەپ ئەدەپ - ئەخلاقى ئاندىن ساقلىنىدۇ ۋە قوغدىلىدۇ.

تۆتىنچى، ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش، داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ نۇرلاندۇرۇش كېرەك.

مەكتەپنىڭ ھەرقايسى جەھەتتىكى خىزمەتلىرى مەكتەپ ئىستىلىنىڭ قۇرۇلمىسىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ، شۇڭا، مەكتەپنىڭ ھەرقايسى جەھەتتىكى خىزمەتلىرى قېلىپلاشتۇرۇلۇشى، مەكتەپنىڭ بارلىق خىزمەتلىرى ھەم مەكتەپ ئىستىلىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ھەم ئۇنى مۇستەھكەملەپ جارى قىلدۇرالايدىغان رولغا ئىگە بولۇشى كېرەك. ياخشى مەكتەپ ئىستىلى ئۇزۇن مۇددەتلىك يېتىشتۈرۈش جەريانىدا ئاستا - ئاستا تۇرغۇزۇلىدۇ، شۇڭا بىر قېتىم ئەجىر سىڭدۈرۈش بىلەنلا مەڭگۈ بەھرىمەن بولۇشنى ئويلىماسلىق كېرەك. ياخشى كەيپىيات داۋاملاشتۇرۇلمىسا تەدرىجى سۇسلىشىدۇ، ھەتتا يوقىلىپ كېتىدۇ. شۇڭا، داۋاملىق خىزمەت ئىشلەپ، ئۇنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشكە، ئۇدا داۋاملاشتۇرۇپ مۇستەھكەملەشكە؛ مۇستەھكەملەش بىلەنلا قالماستىن، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ يېڭى ۋەزىيەتتە ئۇنى ئۈزلۈكسىز جارى قىلدۇرۇپ نۇرلاندۇرۇشقا، يەنى ئۇنى ئەۋلاتتىن - ئەۋلاتقا قالدۇرۇپ مەكتەپ ئىستىلىنى

(ئاخىرى 43 - بەتتە)

# ئوقۇغۇچىلار ئىستىلىغا ئەھمىيەت بېرىپ، تەلىم - تەربىيە سۈپىتىنى ئۆستۈرەيلى

زايىت زىكرىيا

(غۇلجا شەھرى 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ مۇدىرى)

مەكتىۋىمىز غۇلجا شەھرىدە تارىخى بىر قەدەر ئۇزۇن، شۇنداقلا ئۇز ئەنئەنىسىگە ئىگە مەكتەپ بولۇپ ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، تاتار ۋە خۇيزۇ مىللىتى پەرزەنتلىرىدىن تەركىپ تاپقان 1300 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ئوقۇيدۇ. مەكتىۋىمىزنىڭ ئورۇنلاشقان ئورنىمۇ نىسبەتەن مۇرەككەپ بولۇپ، غۇلجا شەھەر "ئازاتلىق يول" مەركىزىي كوچىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا، "بوستان كىنوخانىسى" نىڭ ئۇدۇلىغا، ھەر خىل تىجارەتچىلەر قىيۇق ئورۇن ئالغان ئاۋاتراق ئورۇنغا جايلاشقان.

مەكتىۋىمىزنىڭ بۇ خىل تەۋەلىك ئالاھىدىلىگى ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ ئىجتىمائى ئەھۋالغا سەلبى تەسىر كۆرسىتىش رولىغا ئىگە بولغانلىغى، ئۇنىڭ ئۈستىگە "مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى" دىن قېپقالغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىياسى - ئىدىيىۋى خىزمىتىنى چىڭ تۇتماسلىق خاھىشىنىڭ تەسىرى تېخى تولۇق تۈگىتىلمىگەنلىگى سەۋىۋىدىن ئوقۇغۇچىلىرىمىز ئارىسىدا بىر مەزگىل بۇرژۇئاچە ئەركىنلىشىشكە قىزىقىش، بۇرژۇئا مەدەنىيىتى ۋە تۇرمۇش ئىستىلىنى قوغلىشىشتەك ئەھۋاللار بىخ سۈرۈپ، مەكتىۋىمىزنىڭ نورمال تەرتىۋىنى بۇزۇش بىلەنلا قالماستىن ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇنلىنىشىغىمۇ تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى.

دەسلەۋىدە، بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلىرىمىز ئاچايىپ كىيىنىش، غەلىتە چاچ قويۇش، راھەت - پاراغەتكە بېرىلىش، بەتخەجلىك قىلىش قاتارلىقلارغا قىزىقتى، كېيىنچە، ئىقتىسادى ئېھتىياج تۇپەيلىدىن تۈرلۈك جىنايى ئىشلار ئەنزىسىنى تۇغدۇرۇشقا باشلىدى. نەتىجىدە، جامائەت خەۋپسىزلىگى ئورۇنلىرىنىڭ ئامانلىق ساقلاش خادىملىرى پات - پاتلا مەكتىۋىمىزنى "يوقلاپ" تۇرىدىغان بولدى. بەزى مەسئول يولداشلار ۋە ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار ئىدىيىسىدە: "بۇ، جەمىيەتنىڭ تەسىرى، قانۇن ئورۇنلىرى ئارىلاشمىسا تۈزىتىش تەس" دەپ قارىدى، ھەتتا ئايرىم كىشىلەر "بۇ، ھازىرقى مەدەنى ھاياتنىڭ ئېھتىياجى، چەكلەش ھاجەتسىز" دەپ قاراپ مەسىلىنىڭ ئاقىۋىتىنى توغرا مۆلچەرلىيەلمىدى. ئوقۇغۇچىلاردا زەئىپلىشىش، چۈشكىنلىشىش ۋە پاسسىپلىق ئەۋج ئېلىپ، دائىرىسى بارغانسېرى كېڭىيىشكە يۈزلەندى.

مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسى بۇ خىل ئەھۋالنىڭ ئوقۇغۇچىلاردىن ھالقىپ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىغا سىڭىپ كىرىۋاتقانلىغىنى چىندى ھىس قىلىپ، مەملىكەت بويىچە ئېلىپ بېرىلغان "مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش" پائالىيىتىنىڭ ئىلھامى ۋە تۈرتكىسىدە "بەش بولۇش، تۆتتە گۈزەل بولۇش" نىڭ ئەھمىيىتىنى

ھەقىقى تونۇپ يەتتى ھەمدە ئوقۇتقۇچى، ئو-
قۇغۇچىلار ئارىسىدا بىر قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك سى-
ياسى - ئىدىيىۋى تەربىيە ئېلىپ بېرىشنى ئوت-
تۇرىغا قويدى. ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنى ئاپ-
تونوم رايونىمىزنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھوججەت-
لىرى، ئوبلاست ۋە شەھىرىمىزدە ئېچىلـغان
سىياسى - قانۇن سوھبەت يىغىنىنىڭ ھوججەت-
لىرى، شەھەرلىك جخ ئىدارىسىنىڭ «ئامانلىق
ساقلاش توغرىسىدىكى تەشۋىقات ماتىرىياللىرى»
نى ئۆگىنىشكە ئويۇشتۇردى. ئۆگىنىشكە بىر-
لەشتۈرۈپ ئوقۇغۇچىلارنى "ياشلارنىڭ غايىسى
قانداق بولۇشى كېرەك؟"، "مەنىۋى مەدەنىيەت
دىگەن نىمە؟" قاتارلىق تېمىلار ئۈستىدە مۇزا-
كىرە ئېلىپ بېرىشقا يېتەكلىدى. شـەھەرلىك
مائارىپ ئىدارىسى، سوت مەھكىمىسى ۋە مۇ-
ناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن يەنە تەجرىبىلىك پىش-
قەدەم يولداشلار تەكلىپ قىلىنىپ، ئەدەپلىك،
ئەخلاقلىق، بىلىملىك بولۇش ئاساسي تېما
قىلىنغان دوكلاتلار ئويۇشتۇرۇلدى. پاكىت ۋە
قايىل قىلىش ئاساس قىلىنغان بەزى چەكلى-
مىلەر تۈزىلىپ غەلىتە كىيىملەرنى ئوزگەر-
تىش، چېكىملىكلەرنى تاپشۇرۇش، ئاتالـمىش
"ئولتۇرۇش" لارنى توختىتىش تەلەپ قىلىندى.

دەسلەپكى قەدەمدە ئىشلەنگەن بۇ خىز-
مەتلىرىمىز گەرچە مەلۇم ئۈنۈم بەرگەن بولسى-
مۇ، بىراق ئۇنىڭ تەلتوكۇس بولمىغانـلىقى،
ئاجىزلىقىنىڭ پەرزەنتلەردىلا ئەمەس، بەلـكى
ئۆزىمىزدىمۇ بولىۋاتقانلىقى بايقالدى. پارتىيە
ياچېيكىسى تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنـلەش،
سىياسى - ئىدىيىۋى خىزمەتنى تېخىمۇ ئىچكىرى-
لەپ ئىشلەشنى نەزەردە تۇتۇپ، مەك-
تەپتىكى ھەر قايسى تارماقلاردىن تەركىپ تاپ-
قان "مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش پائا-
لىيىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى" نى قـۇرۇپ
چىقتى. رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى دېموكراتىيىنى
جارى قىلدۇرۇش ئاساسىدا مەكتەپ مـۇدىرى،

ئىلمىي مۇدىر، سىنىپ مۇدىرى، ئىتتىپاق كومى-
تېتى ۋە پىشۋىرلار ئەتراپىدىنىڭ مـەسئۇلىيەت-
لىرىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ، پائالىيەت مەز-
مۇنلىرىنى كونكرىت ئورۇنلاشتۇردى. سىياسى
كوزقارىشى ئېنىق، كەسىپكە پىششىق، تەربى-
يىچىلىك سەنئىتى ئۈستۈن ئوقۇتقۇچىلار سى-
نىپ مۇدىرلىقىغا تەيىنلىنىپ، ئۇلار ئارىسىدا
قىزىل بايراق مۇسابىقىسى، مۇكاپاتـلاش ۋە
تەنقىتلەش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. خىزمەتلەر-
نىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ مەكتەپ، ئائىلە،
قانۇن ئورۇنلىرىدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپ بىر-
لەشكەن تەربىيە تۈزۈمى چىڭ تۇتۇلدى. ئۈچ
تەرەپ ۋەكىللىرى قاتناشقان مەكتەپ ۋە يىل-
لىقلار بويىچە ئاتا - ئانىلار سوھبەت يىـغىنى
چاقىرىلىپ ئەمىلىي مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويول-
دى، ھەل قىلىش چارىلىرى مۇزاكىرە قىلىن-
دى. بۇ جەرياندا سولچىللىق خاھىشىدىن خا-
لى بولۇپ، ئاتا - ئانىلارنىڭ تونۇش ئەھۋالى-
غا ئېتىۋار بېرىلدى. بۇ خىل يىغىنلار 1982 -
ئوقۇش يىلىدا 50 قېتىم ئېچىلغاندىن تاشقىرى
315 قېتىم ئائىلە زىيارىتى قىلىندى. نەتىجىدە
ئۆزلۈكىدىن مەكتەپ بىلەن سوزلىشىدىغان ئاتا-
ئانىلار كوپىيىپ 508 ئادەم قېتىمغا يەتـتى.
ئومۇمىيۈزلۈك تەربىيە ئارقىلىق ئايرىم ئوقۇ-
غۇچىلارنى تەربىيىلەش، ئايرىم ئوقۇغـۇچىلار-
نىڭ خىزمىتىنى ئىشلەش ئارقـىلىق ئومـۇمى
ئوقۇغۇچىلارغا تەسىر كورسىتىش قاتارلىق ئۇ-
سۇللار ئىجادى قوللىنىلدى. ئازغانلارغا قاتتىق
قوللۇق قىلىشنىڭ ئورنىغا ئۇلارنى ئەتراپلىق
چۈشىنىش، ئىندىۋىدۇئاللىقىغا لايىق مۇئا-
مىلە قىلىش، چۈشكۈنلىشىشىنىڭ مەنبەسىنى تې-
پىش، "كېسەلگە قاراپ دورا بېرىش"ۋە رىغ-
بەتلەندۈرۈش پوزىتسىيىسى تۇتۇلدى.

81 - 82 - ئوقۇش يىلىدا مەكتەپ بويىچە
ئازغان ۋە خاتالىق ئوتكۈزگەن ئوقۇغـۇچى 13
نەپەر بولۇپ، ئومۇمى ئوقۇغۇچىنىڭ 1% تىنى

تەشكىل قىلاتتى. بۇ، ئومۇمى ئوقۇغۇچىغا نىسـ
بەتەن ناھايىتى كىچىك سان بولسىمۇ، بىراق
ئۇنىڭ تەسىرىنى سەل چاغلىغىلى بولمايـتتى.
شۇڭا مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسى ئـۇلارنىڭ
كەلگۈسى ئىستىقبالىغا يېقىندىن كۆڭۈل بولۇپ
ئىنتىپاق كادىرلىرىنى مەسئۇل قىلدى، ئوقتىـ
لىق بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئېزىپ كېتىـشىدىكى
سەۋەپلەرنى تەھلىل قىلدى. ئۇنـىڭ بـىلەن
سىردىشىش، ياردەم بېرىش، ئائىلە باشلىقى بىـ
لەن سوھبەتلىشىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قول-
لىنىپ ئىجابى تەرەپكە يېتەكلىدى. 50 نەچچە
قېتىملىق سوھبەتتىن كېيىن، بۇ ئوقۇغۇچـىدا
ئۆتكۈزگەن خاتالىقىنى دەسلەپكى قەدەمدە تو-
نۇپ يېتىپ، يامان ئىش - ھەركەتلـەرنى پاش
قىلىپ خىزمەت كورستىشكە ئىنتىلىدىغان ئەھـ
ۋال بارلىققا كەلدى. كېيىن بۇ ئوقۇغۇچى تېـ
پىۋالغان ھەرخىل نەرسە - كېرەك، پۇل قاتـار-
لىقلارنى مەكتەپ ئارقىلىق ئىگىسىگە قايتۇردى.

جخ ئىدارىسىغا ھەمكارلىشىپ بىر قـانچە ئو-
غۇرلۇق ئەنزىسىنى پاش قىلىشقا ھەسسە قـو-
شۇپ مۇكاپاتلاندى. بۇ ئىش بارلىق ئوقۇغۇچـ
لارغا نىسبەتەن بىر قېتىملىق تەربىيە بولدى.
ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجتىمائى كەيپىياتىدا ناھايـ
تـى زور بۇرۇلـۇش ۋە ئىلگىرىلەش ھاسـىل
قىلىندى. ھەممە جاينى "مەدەنىيەتلىك، ئەدەپـ
لىك بولۇش" نىڭ قاينام - تاشقـىنلىق ۋەزـ
يىتى ئىگەللىدى. ئەمىلىيەت پەقەت ئەستايىدىل
خىزمەت ئىشلەنسىلا مەكتەپ ئىستىلىنى تۈپتىن
ياخشىلىغىلى بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

بۇ ئىشنىڭ ئىلھامىدا، 1983 - يىلـقى 2 - قېـ
تىملىق "مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش ئېيى"،
"بەش بولۇش، توت گۈزەل، ئۈچنى قىزغـىن
سۆيۈش"، "مـىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈ-
چەيتىش"، "مېھرىۋانـلىق يەتكـۈزۈش"، "لېي
فېڭدىن ئۆگىنىش"، "جاڭ خەيدىدىن ئۆگىنىش"
پائالىيەتلىرى تېخىمۇ چىڭ ۋە ئەستايىدىل تو-
تۇلدى. بۇ قېتىمقى "مەدەنىيەتلىك، ئەدەپـلىك
بولۇش ئېيى" پائالىيىتىگە 11 مىڭ ئادەم قېتىم
قاتنىشىپ خـۇشنا كـوچىلاردىن 100 مېتىر تاشـ
يولغا 50 سانتىمېتىر شېغىل ياتقۇزۇلدى، مەكتەپ
ئىچىدىكى كەڭلىكى 5 مېتىر، ئۇزۇنلىقى 160
مېتىر يولغا شېغىل توكۇپ رېمونت قىلىندى.
ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ 10 مو يەرگە قەلەمـ
چە تىكىشىگە ياردەم بېرىلدى. مەكتەپنىڭ 5
مو يېرىگە 150 تۇپ ئالما كوچىتى، 400 تۇپ
ئاق تېرەك كوچىتى تىكىلىپ، 1500 مېتىر ئايلانـ
ما ئېرىق رېمونت قىلىندى. ئېرىق قىرلـىرى
100 ھارۋا چىم كەلتۇرۇلۇپ يېشىللاشتۇرۇلدى.
"مېھرىۋانلىق يەتكۈزۈش" پائالىيىتىدە كوللېكـ
تىپ ۋە شەخسلەرگە بولۇپ، 132 قېتىم خالىـ
سانە ئەمگەك قىلىپ بېرىلدى. شـەخس ئوقۇ-
غۇچىلار بويىچە مـەجروھ، مېيىپ، بەشتە كـاـ
پالەتلىك ئائىلىلەرگە جەمـى 3091 قېتىم مـېھـ
رىۋانلىق يەتكۈزۈلدى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا
دائىر ياخشى ئىشلارمۇ خېلى كـوپ بـولۇپ
«ئىلى گېزىتى» دە ئۇدا تىلغا ئېلىنىپ تۇردى.
ئىلگىرى كىشىلەرنىڭ نارازىلىقىنى قـوزغىغان
ئەھۋاللارنىڭ ئورنىغا ئالتۇن تېپىۋالسىمۇ كوز
قىرىنى سالمايدىغان ئىسىل ئىستىل تۇرغۇزۇلـ
دى. ئوقۇغۇچىلار تەرىپىدىن تېپىۋېلىنغان نەق
پۇل، ۋېلىسىپىت، سائەت، ئات - ھارۋا، ئالتۇن
ئۈزۈك، ھالقا، ھەر خىل ئىسچوت، گۇۋانـامە،
كىيىم - كېچەك قاتارلىق نەرسىلەردىن 335 قېـ
تىم ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىلىپ جامائەتچىلىكـ
نىڭ ماختىشىغا، قانۇن ئورۇنلىرىنىڭ مۇكاپاتـ
لىشىغا سازاۋەر بولدى. مۇكاپاتلانغانلار ئىچىدە
ئىلگىرى ئازغان ئوقۇغۇچى 44%نى ئىگەللەيـ
دۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆزلىكىدىن كوچىغا چىقىپ
ھەقسىز چاچ ياساپ، ئاياق يامايدىغان، ئاممىۋى
سورۇنلارنى تازىلايدىغان ئوقۇغۇچىلار كۈندىنـ
كۈنگە كوپىيىپ، جامائەتچىلىكنىڭ تەشەككۈرىـ
گە ئېرىشمەكتە.

( ئاخىرى 68 - بەتتە )

## بىلىم، ئەقلىي قابىلىيەت ۋە ماھارەت

# خاراكتېر ۋە ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ تەرەققىياتى

پسىخولوگىيە بىزگە: خاراكتېر بىر كىشىنىڭ تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە شەكىللەنگەن رېئاللىققا قارىتا بىر قەدەر مۇقىم پوزىتسىيەسىنى، شۇنداقلا شۇنىڭغا ماس ئادەتلەنگەن ھەرىكەت ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدىغانلىقىدىن بىشارەت بېرىدۇ. مەسىلەن، بەزى كىشىلەر باتۇر، قەيسەر كېلىدۇ. ئۆزىگە ئىشەنچە قىلىدۇ، كىشىلەرگە قىزغىن، ئوچۇق - يورۇقلۇق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، كەسكىن بولىدۇ، شەيئىلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىشكە، مەسىلىلەر ئۈستىدە ئەتراپلىق ۋە سوغاققانلىق بىلەن مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە ماھىر كېلىدۇ. ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىشلەيدۇ، قېتىقىنىپ ئۆگىنىدۇ. مانا مۇشۇ پىسخىك ئالاھىدىلىكلەرنىڭ يىغىندىسى ئۇنىڭ خاراكتېرىنى كۆرسىتىدۇ. خاراكتېر بىر كىشىگە خاس، مۇقىم پىسخىك ئالاھىدىلىك بولۇپ، كىشىنىڭ بارلىق ھەرىكەت پائالىيەتلىرىگە سىڭىشكەن بولىدۇ. بىر كىشىنىڭ ئايرىم ئەھۋالدا ئىپادىلىگەن مەلۇم بىر خىل پوزىتسىيىسى ۋە ھەرىكەت ئۇسۇلى خاراكتېر ھېسابلانمايدۇ. مەسىلەن، ئۇدا مۇلايىم بىر كىشىنىڭ تۇساتتىن ئاچچىقلىنىشىنى خاراكتېرى چۇس دېيىشكە بولمايدۇ.

خاراكتېر تۇغما بەلگىلەنگەن ۋە ئۆزگەرمەيدىغان نەرسە ئەمەس. "خاراكتېر نېرۋا سىستېمىسىنىڭ تىپ ئالاھىدىلىگى بىلەن چوڭ مېڭە پوستىنىڭ مۇئەييەن ۋاقىتلىق ئالاقە شەكلى ئارقىسىدا مەيدانغا كېلىپ مۇستەھكەملەنگەن تۇرمۇش تەسىراتىنىڭ بىرىكمىسىدۇر". كىشىلەرنىڭ سۈپىتى (نېرۋا سىستېمىسىنىڭ تىپى) كىشىنىڭ خاراكتېرىنى تەبىئىي ئالدىنقى شەرت بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. بىر كىشىنىڭ قانداق خاراكتېرگە ئىگە بولۇشىغا كەلسەك، بۇ، شۇ كىشىنىڭ تۇرمۇش شارائىتى، ئالغان تەربىيىسى، شۇنداقلا شۇغۇللانغان ئەمەلىي پائالىيىتىنىڭ خاراكتېرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىپ، نىسبىي مۇقىملىققا ۋە ئۆزگىرىشچانلىققا ئىگە بولىدۇ.

خاراكتېرنىڭ ئايرىم پەرقلىرى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ، بۇنىڭدىكى سەۋەب، خاراكتېر ئىنتايىن مۇرەككەپ پىسخىك قۇرۇلما بولۇپ، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىگى رېئاللىققا تۇتقان پوزىتسىيە، ئىرادە، كەيپىيات ۋە ئاقىلانىلىقتىن ئىبارەت 4 تەرەپتە مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ. ھەرقايسى تەرەپلەردە ئىپادىلەنگەن خاراكتېر ئالاھىدىلىگى يەنە كېلىپ ئاكتىپ ۋە پاسسىپ دەپ ئايرىلىدۇ. ئوخشاش مۇھىتتىكى ئوخشىمىغان كىشىلەرنىڭ خاراكتېرى ھەر خىل بولىدۇ.

ئوقۇغۇچىلار ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا نۇرغۇن ئامىللار بىرلىكتە رول ئوينايدۇ. ئۆگىنىشتە بولسا، سۇبيېكتىپ خاراكتېر ئالاھىدىلىگى بىلەن ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ تەرەققىياتى زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئوخشاش شارائىتتا، خاراكتېر ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ تەرەققىياتىدا يېتەكچى رول ئوينايدۇ. ئاكتىپ خاراكتېر ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، شۇنداقلا ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ تەرەققىياتىدىكى يېتىشسىزلىكلەرنى تولدۇرىدۇ. قەدىمقى، بۈگۈنكى، جۇڭگودىكى ۋە چەتئەللەردىكى ئالىم، سەنئەتكارلار ياخشى سۈپەتكە، بىر قەدەر كۆپ ئەقلىي بولۇنمىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، تېخىمۇ بەلكى ئۇلار باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان خاراكتېرگە ئىگە.

مەلۇم بىر پسىخولوگ مەشھۇر شەخسلەردىن 301 كىشىنى تاللاپ تەھلىل ۋە تەتقىق قىلغاندا، ئۇلارنىڭ ئەقلىي بولۇنمىسى يۇقىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ياش - ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان خاراكتېردە ئىكەنلىكىنى بايقىغان. فىزىكا ئالىمى نيۇتون

بالىلىق دەۋرىدە قېتىقىنىپ ئۆگەنگەن، خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن تېخىمۇ تىرىشقان، تەجرىبىخانىدا كېچە - كۈندۈزلەپ تەتقىق قىلغان ۋە ئىزدەنگەن. مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقى جىن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئاتا - بالا ئۇلۇغ خەتتات ۋاڭ يىجۇ بىلەن ۋاڭ شەنجۇ ئەينى ۋاقىتتا كىشىلەرنى مەپتۇن قىلغان، مانا بۇ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ قېتىقىنىپ ئۆگەنگەنلىكنىڭ نەتىجىسىدۇر. زامانىمىزنىڭ ھاياتپاۋلى، مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق ئەزاسى جاڭ خەيدى ئۆزى پالەچ بولسىمۇ قەيسەرلىك بىلەن ئۆزلىگىدىن ئۆگىنىپ ئېنگىلىزچە، ياپونچە تىللارنى ئىگەللىدى، 160 مىڭ خەتلىك چەتئەل ماتېرىياللىرى ۋە ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلدى. ئۇنىڭدا توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، ئالىجاناپ ئىدىيىۋى پەزىلەت بولغاندىن باشقا، ئۇنىڭدىكى جەسۇرلۇق ۋە ئۆزىگە ئىشەنچ باغلايدىغان ئاكتىپ خاراكتېر رول ئوينىغان. بۇنىڭ ئەكسىچە، پاسسىپ خاراكتېر ئەقلىي تەرەققىياتنى توسىدۇ ۋە ئۇنى بوغىدۇ. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى فاڭ جۇڭشۇي كىچىكىدە ئىنتايىن ئۆتكۈر بالا بولۇپ، قېتىقىنىپ ئوقۇغان، شېئىر - نەزمىلەرنىمۇ ئوبدان يازالىغان، "قالتىس ئۆتكۈر بالا" دېيىلگەن، بىراق كېيىن ئۇ ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرمىغانلىقى ئۈچۈن شېئىرىيەتتە ھېچقانچە نەتىجە يارىتالمىغان.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى بىلىم ئىگەللەش جەريانىدا شەكىللىنىدۇ ۋە راۋاجلىنىدۇ. تەلىم - تەربىيە ۋە ئوقۇتۇش جەريانىدا، ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ چوڭ مېڭىسىگە بېرىدىغان ئەقلىي قابىلىيەت جەھەتتىكى قوزغىتىشنى پىلانلىق، سىستېمىلىق، ئىلمىي يوسۇندا ئېلىپ بېرىپ، چوڭ مېڭىنىڭ رولىنى كۈچەيتىشى ۋە ئۇستۇرۇشى، ئۇنى تەدرىجى مۇكەممەللەشتۈرۈشى كېرەك. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى تەرەققى قىلدۇرۇش جەريانى ھەر خىل ئەقلىي قوزغىتىشنى قوبۇل قىلىپ، مېڭە ئىقتىدارىنى راۋاجلاندۇرۇش جەريانى، يەنى بىلىم ئۆگىنىش، ئوقۇتقۇچىنىڭ بەرگەن تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىش جەريانىدۇر. ئوقۇغۇچىلارنىلا ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەگەر ئۇلار ئاكتىپ خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، ئەقلىي قابىلىيەت قوزغىتىشنى ياخشى قوبۇل قىلالىسا ۋە سىستېمىلىق پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى مۇستەھكەم ئىگەللەپ چوڭ مېڭىنىڭ پائالىيەت ئىقتىدارىنى ئاشۇرالىسا، ئۇنداقتا، ئۇلارنىڭ ئەقلىي تەرەققىيات سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ بارىدۇ. شۇڭا، پسىخولوگلار ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ تەرەققىيات جەريانى بىر خىل پائالىيەتچانلىق جەريانى، مۇھىت، تەلىم - تەربىيە قاتارلىق تاشقى سەۋەبلەر سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىق قاتارلىق ئىچكى سەۋەبلەر بىلەن ياخشى بىرلەشكەندىلا ئاندىن ئۆز رولىنى ئوبدانراق جارى قىلدۇرالايدۇ، دەپ قارايدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى پسىخولوگى بوگوسلوۋسكىي: "بىر كىشىنىڭ ئىندىۋىدۇئال ئالاھىدىلىگىنىڭ يىغىندىسى ئۇنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى تولۇق پايدىلىنىش دەرىجىسىنىڭ قانچىلىك بولۇشىنى، شۇنداقلا قابىلىيىتىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە تەرەققى قىلىشىنى بەلگىلەيدۇ" دەپ قارىغان، ئۇ ئەقىدە، ھىسسىيات، ئىرادە پەزىلىتى، ئەمگەكنى سۆيۈش، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش، ئىندىۋىدۇئاللىقنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك تەرەققىياتى قاتارلىقلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيەتنى تەرەققى قىلدۇرۇشتا مۇھىم ئامىللار ئىكەنلىكىنى مىساللار ئارقىلىق چۈشەندۈرىدۇ. مەملىكىتىمىزدىكى زېرەك بالىلارنى تەتقىق قىلىش ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىنىڭ 55 زېرەك بالىنى 3 يىل تەتقىق قىلىش نەتىجىسى شۇنى چۈشەندۈرۈپ بەردىكى: زېرەك بالىلارنىڭ بىلىم تەشنالىقى ھەدەپ ئۇرغىغان بولىدۇ. ئۆگىنىش ياكى ئىشقا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىدۇ، ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرالايدۇ، شۇڭا ئۇلار زېرەكلىككە ئائىت سۇبيېكتىپ ئامىللارغا ئىگە بولغان بولىدۇ. بىز بىر سىنىپتىكى نەچچە ئونلىغان ئوقۇغۇچىنىڭ ئوخشاش مۇھىتتا ئوخشاش تەربىيە ئالىدىغانلىقىنى، ئەقلىي قابىلىيەت جەھەتتىكى تەرەققىيات ۋە بىلىم ئىگەللەش ئەھۋالىدىكى پەرقلەرنىڭ ناھايىتى چوڭ بولىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئەقلىي ئەمگەكنى ئورۇنلاش جەريانىدا

كورۇنەرلىك ئۇنۇمگە ئېرىشكەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۇبيېكتىپ جەھەتتىكى خاراكتېر ئالاھىدىلىكى ئىنتايىن مۇھىم كاپالەتلىك رول ئوينايدىغانلىغىنى دائىم ئۇچرىتىپ تۇرىمىز.

خاراكتېر مۇئەييەن نېرۋا سىستېمىسىنىڭ تىپ ئالاھىدىلىكىنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ، تۇرمۇش ئەمىلىيىتى، ئوخشاش مۇھىتنىڭ بىر-بىرىگە ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىشى جەريانىدا تەدرىجى شەكىللىنىدۇ ۋە تەرەققى قىلىدۇ. كونكىرت قىلىپ ئېيتقاندا، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش مۇھىتى ئۇلارنىڭ ئائىلە، مەكتەپ ۋە خىزمەت ئورنىنى كورسىتىدۇ. ئائىلە، بولۇپمۇ ئاتا-ئانىنىڭ تەسىرى ۋە تەربىيىسى خاراكتېر شەكىللىنىشىنىڭ دەسلەپۋىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. مەسىلەن، ئائىلە باشلىغى ھەددىدىن زىيادە ئامراقلىق قىلغان ۋە ئوز مەيلىگە قويىۋەتكەن باللار ھامان باشباشتاق، ھاكاۋۇر كېلىدۇ، مۇستەقىل روھى كەمچىل بولىدۇ؛ ئائىلە باشلىغى دائىم تەنبىھ بېرىدىغان ۋە ئۇرۇپ تىللايدىغان باللاردا بولسا، سوغۇق، قورقۇنچاق، ئىنتائەتمەن، ئالا كوڭۇل، چۈشكۈن بولۇش قاتارلىق خاراكتېر ئالاھىدىلىكى ئوڭايلا شەكىللىنىدۇ. مەكتەپ تەربىيىسى، بولۇپمۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ خاراكتېرى، مەكتەپ ئىستىلى، سىنىپ كوللىكتىۋى ۋە ئىتتىپاق، ئەترەت تەربىيىسى قاتارلىقلار ئوقۇغۇچىلار خاراكتېرىنىڭ يېتىلىشى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، مەكتەپنىڭ ھەرقانداق پائالىيەتلىرىدە ئوقۇغۇچىلاردا ئولۇغۋار تۇرمۇش نىشانىسى ۋە پرولېتارىيات دۇنيا قارىشىنى تۇرغۇزۇشقا ئېتىۋار بېرىپ، ئوقۇغۇچىلار خاراكتېرىنىڭ ئىجابى تەرەپكە قاراپ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. خاراكتېر ئاڭ خاھىشى ئالغان ئىندىۋىدۇئال پسىخىك ئالاھىدىلىك بولۇپ، مۇئەييەن مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئەقىدىنى يادرو قىلىدۇ. بىر كىشىنىڭ شەيئىلەرگە قارىتا پوزىتسىيىسى مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئەقىدىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ئوقۇتقۇچى سىنىپ، ئىتتىپاق ۋە ئەترەت پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسى تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، ئاكتىپ خاراكتېرنىڭ شەكىللىنىشنى كاپالەتلەندۇرۇشى، شۇنداقلا يەنە ئۆلگىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ "بىلىنىدۇرمەستىن تەسىر بېرىش" مەقسىدىگە يېتىشى كېرەك. ياش-ئوسمۇرلەر تەقلىتچانلىق پسىخىك ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغىنى ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆلگىسى بىۋاستە ئەھمىيەتكە ئىگە. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئوقۇتقۇچىنىڭ خاراكتېرى ئوقۇغۇچى خاراكتېرىنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئەينەك، شۇڭا، ئوقۇتقۇچى ئالدى بىلەن ئوزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشى، ھەممە يەردە ۋە بارلىق ئىشلاردا ئۈلگە بولۇشى كېرەك. ئوقۇتقۇچى يەنە ئوقۇغۇچىلارنى ئوزلىرىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئارتۇقچىلىق-كەمچىلىكلىرىنى توغرا نۇقتىئىنەزەردە تۇرۇپ مۇستەقىل تەھلىل قىلالايدىغان، ئۇنىڭغا ھوكۇم قىلالايدىغان، ئارتۇقچىلىقلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، كەمچىلىكلىرىنى تۈزۈتەلەيدىغان، ئوزىنى تەكشۇرۇش ۋە ئوزلىگىدىن تەربىيىلىنەلەيدىغان ئادەتلەرنى يېتىشتۈرۈشكە يېتەكلىشى كېرەك.

مەكتەپ يەنە ئائىلە، جەمىيەت بىلەن زىچ ماسلىشىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ خاراكتېرىنى ئورتاق شەكىللەندۇرۇشى كېرەك. مەكتەپ ۋە ئوقۇتقۇچىنىڭ خىزمەت دائىرىسى ئوقۇغۇچىلار بىلەنلا چەكلەنمەستىن ئائىلە باشلىغى ۋە جەمىيەتكىچە كېڭەيتىلىشى، ئالاقە خىلمۇ-خىل يوللار بىلەن كۈچەيتىلىشى، مەكتەپ ۋە ئوقۇتقۇچىنىڭ مۇددىا ۋە تەلەپلىرى چۈشەندۇرۇلىشى، ھەتتا ئائىلە باشلىقلىرىغا تەلىم-تەربىيە ئۇسۇللىرى ئوگىتىلىشى كېرەك. مەكتەپ، ئائىلە ۋە جەمىيەت بىرلىككە كەلگەن كۈچ بولۇپ ئويۇشۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاكتىپ خاراكتېرىنى ئورتاق يېتىشتۈرۈشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى ياخشىراق تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرۈپ ئۇلارنى تەدرىجى ھالدا ئىختىساس ئىگىسىگە ئايلىنىدىغان قىلىشى كېرەك.

(«سىچۇەن مائارىپى» دىن ئېلىندى)



新疆教育

# دەرسخانىدىكى ئوقۇتۇش سەنئىتى توغرىسىدا

دەرسخانا ئوقۇتۇشى ئوقۇتۇشنىڭ ئاساسىي شەكلى. ئۇنداقتا، قانداق قىلغاندا دەرسخانا ئوقۇتۇشنى ئوبدان ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ؟ ئوقۇتقۇچى دەرسلىكنى پىششىق ئىگەللىگەندىن تاشقىرى، يەنە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىشى، ئوقۇتۇش سەنئىتىگە ئېتىۋار بېرىشى كېرەك.

ئوقۇتقۇچىدا دەرسخانا ئوقۇتۇش پائالىيىتىنى باشقۇرالايدىغان قابىلىيەت بولۇشى كېرەك. تەجرىبىلىك ئوقۇتقۇچى دەرسخانىدا ئۇزىنى تەمكىن، تەبىئى تۇتىدۇ، يېقىملىق، مېھرىۋان كېلىدۇ. ئوقۇتۇشنى رەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇپ، مۇھىم ۋە قىيىن نۇقتىلارنى گەۋدىلەندۇرۇپ بېرەلەيدۇ. ئوقۇغۇچىلار كوڭۈل ئازادىلىكىگە ئېرىشەلەيدۇ. دەرسخانا تەرتىۋى ئوبدان، ئۆگىنىشى جانلىق ۋە تېتىك بولىدۇ. ئۇلار دائىم 45 مىنۇتلۇق ۋاقىتنىڭ ناھايىتى تېزلا ئوتۇپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىشىدۇ. دېمەك، ئوقۇتۇش سەنئىتىنىڭ بىر سائەتلىك دەرسنىڭ باشتىن - ئاخىرىسىغىچە سىڭدۇرۇلگەنلىكى بۇ يەردىكى ئەڭ مۇھىم ئامىلدۇر. دەرسكە كىرىش قوڭغۇرىغى چېلىنىش ھامان ئوقۇتقۇچى مۇنبەرگە چىقىپ ئالدى بىلەن دەرسخانىغا كوز يۈگۈرتىپ چىقىشى، ئوقۇغۇچىلار ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن، ئوقۇتقۇچى- ئوقۇغۇچىلار ئوز ئارا ھورمەت بىلدۇرۇشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى ئورنىدىن تۇرۇشقان، بەزىلىرى ئولتارغان ۋە بەزىلىرى بەللىرىنى ئىگىشىپ ئۇياق - بۇياققا قارىشىپ تۇرغان ئەھۋالدا ئوقۇغۇچىلارغا چالا - بۇلا ئىشارەت قىلىپلا دەرس باشلاپ كەتمەسلىكى كېرەك.

چۈنكى بۇ ھالقا دەرسخانا كەيپىياتىنى تېچلاندۇرۇپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى ئۆگىنىشكە مەركەزلەشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ، شۇنداقلا مەدەنىيەتلىك - ئەدەپلىك بولۇش تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىش ئەھمىيىتىگىمۇ ئىگە. بەزىلەر دائىم "ياخشى باشلىنىش — مۇۋەپپەقىيەتنىڭ يېرىمى" دېيىشىدۇ. شۇنداق، بۇ گەپنىڭ داۋلىسى بار.

دەرسخانىدىكى ئوقۇتۇش سەنئىتى دەرسخانىدا بىر خىل ياخشى كەيپىياتنىڭ بولۇشىدا ئىپادىلىنىدۇ، ھالبۇكى ياخشى كەيپىياتنىڭ يارىتىلىشى ئوقۇتقۇچىنىڭ سوزلىگەندىكى ئىنتوناتسىيىسى ۋە پوزىتسىيىسىگە ئېقىنىدۇ. مەسىلەن، ئوقۇتقۇچى سوئال سورىغاندا بارلىق ئوقۇغۇچىغا يۈزلىنىش، ئۇلارغا پىكىر يۈرگۈزۈش ۋاقتى بېرىش، جاۋاپ بەرگۇچىلەر قول كوتەرگەندىن كېيىن ئاندىن ئىسمىنى ئاتاش كېرەك. ئايرىم ئوقۇغۇچىلارغىلا يۈزلىنىپ سوئال سوراش ياكى بىر تەرەپلىمىلىك ھالدا پالانى ئوقۇغۇچىلا جاۋاپ بېرەلەيدۇ، دەپ قاراپ باشقىلارنى مەنسىتمەسلىك كوپچىلىكنىڭ ئاكتىپچانلىقىغا، دەرسخانا كەيپىياتىغا، ھەتتا ئوقۇتقۇچى- ئوقۇغۇچىلار مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەسىلىرىگە بەرگەن جاۋابىغا ئادىل باھا بېرىشى، ئوقۇغۇچىنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، كوپرەك ئىلھاملاندۇرۇشى، يېتەكلىشى؛ مەسخىرە قىلماستىن بەلكى يېتەكلەشكە ماھىر بولۇپ، يېتەرسىزلىكلىرىنى سەمىمىلىك بىلەن كورسىتىپ بېرىشى، ئوقۇغۇچىلارنى قەلبىدىن قايىل قىلىشى كېرەك. ئوقۇتقۇچى يەنە

دەرسخانىدا تۇساتتىن ئوتتۇرىغا چىققان مەسـ
ىلىلەرنى جانلىق ۋە ئاقىلانە بىر تـەرەپ قىـ
لىشقا، هەر خىل ئىنچىكە ئامىللارنىمۇ سوغاقـ
قانلىق ۋە تـەمكىنلىك بىلەن ئـويلىنىپ كوـ
رۈشكە ماھىر بولۇشى كېرەك. مەسىلەن، بەزى
ئوقۇغۇچىلارنىڭ مىجەزى بولمىسا بېشىنى ئۆسـ
تەلگە قويۇپ ئولتۇرىدۇ، يەنە بەزىلەر ئوقۇتـ
قۇچىنىڭ سوزىگە ئازراق قوشۇمچە قىلىشنـى
ياكى ئوخشىمىغان پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قوـ
يۇشنى ئويلايدۇ. بۇنداق ئىشلارنىڭ ھـەممىسى
دەرسخانا كەيپىياتىغا ئانچە ـ مـۇنچە تـەسىر
يەتكۈزمەي قالمايدۇ. ئوقۇتقۇچى ئۇنـى بىر
تەرەپ قىلىشقا ماھىر بولۇشى كېرەك.

دەرسخانىدىكى ئوقۇتۇش سەنئىتى يەنـە
ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوزى بېرىۋاتقان دەرسكە بولـ
غان ھىسسىياتىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. ئوقۇتقـۇچى
ئالدى بىلەن ئوزى ئوتۇۋاتقان پەننى قىزغىن
سۆيۈشى كېرەك، ئوقۇتقۇچى پەقەت ئوز پېنىنى
قىزغىن سۆيگـەندىلا، ئاندىن ئوقۇغـۇچىلارنىڭ
ئۆگىنىش يالقۇنلىرىنى تۇتاشتۇرالايدۇ. ئوقۇتقۇـ
چى ئوزى ئوتۇۋاتقان پەنگە بولغان مۇھەببىـ
تىنى دەرسلىككە سىڭدۈرۈشى، ئـۇنـى دەرسـ
خانىدا نامايەن قىلىشى، ئوقۇغۇچىلار قەلبىنىڭ
چوڭقۇر قاتلاملىرىغا ئورنىتىشى كېرەك. مەسىلەن،
«ئەڭ سۆيۈملۈك كىشلـەر كىم» تېكىستىنـى
ئوتكەندە، ئوقۇتقۇچى تولۇپ ـ تاشـقان قىزـ
غىنلىق بىلەن ئوقۇغۇچىلار تەپەككۇرىنـى ئوـ
زىگە جەلپ قىلىپ، ئۇلارنى چاۋشەن ئۇرۇش
مەيدانىغا باشلاپ كىرىشى، ئوقۇغۇچىلارغا نەق
مەيداننى ھىس قىلدۇرۇپ، جۇڭگو خەلق پىـ
دائىي قىسىملىرىنىڭ نەم، بۇرۇختۇم ئاكوپلاردا
ئىنقىلاۋى ئۇمىتۋارلىق روھى بىلەن بىر كاپام
تالقان، بىر كاپام قارنى يەپ تاماقلانغانلىقىنى،
جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسىملىرىـنىـڭ ئىس ـ
تۈتەك ۋە ئوت يالقۇنلىرى ئىچىـدە كويىۋاتـ
قان ئويلەرگە بوسۇپ كىرىـپ خەتەرگە يولۇقـ
قان چاۋشەن ئايالللىرى ۋە باللارنـى قۇتقۇـ
زۇپ قالغان تىللاردا داستان بولغىدەك تەسىرـ
لىك ئىشلىرىنى ئوز كوزى بىلەن كـورگەندەك
ھىس قىلدۇرۇشـى كېرەك. بۇ ئارقىلىق ئوقۇـ
غۇچىلاردا پىدائـى قىسىملارغا بولغان ئالـى
ئېھتىرام ۋە مۇھەببەتنى، ئامېرىـكا جاھانگىرـ
لىكىگە بولغان كۈچلۈك غـەزەپ ـ نەپرەتـنى
قوزغىتىش كېرەك. ئوقۇتقۇچى ئوز ھىسسىياتى
ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى تەسىرلەندۈرۈشى، ئوـ
قۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار ئىدىيىسىدە ئورتاقلىق
پەيدا قىلىشى، ھەم بىلىم بېرىپ ھـەم تەربىـ
يىلەپ، ئەخلاقىي تەربىيىنى ئەقلىي تەربىيىگە
سىڭدۈرۈشى كېرەك. مۇنـەۋۋەر ئوقۇتقۇچـى
نەچچە ئونلىغان ياش قەلبنى گويا ماگنىتتەك
ئوزىگە جەلپ قىلىۋالالايدۇ.

ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىسخىك پاـ
ئالىيەت قانۇنىيەتلىرىنى ئىگەللەشكە ماھىر بوـ
لۇشى كېرەك. دەرسخانىدىكى ئوقۇغۇچىلار پاسـ
سىپ ھالدىكى دەرس ئاڭلىغـۇچى بولماستىن،
بەلكى ھەر خىل مۇرەككەپ پىسخىـك پائالـ
يەتكە ئىگە بولغان شەخس ۋە كـوللىكتىپتۇر.
ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەر خىل پىسخىك
پەزىلەتلىرى ۋە پىسخىـك پائالىيەتلىرىدىـكى
ئوزگىرىشلەرنى بايقاشقا ۋە ئىگەللەشكە ماھىر
كىشىلەردىن بولۇشـى كېرەك. ئـوقۇغۇچىـلاردا
ۋەتىنىمىزنىڭ بېيىشى ۋە كـۈچىيىشى ئۈچۈن
ئىلىم ـ پـەن ئۆگىنىدىغان، ئىلىم ـ پەننـى
قىزغىن سۆيىدىغان قەيسەر ئىرادىنى يېتىلدۈـ
رۈشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچى ئوـ
قۇغۇچىلارنىڭ قىياپىتـى، بولۇپمـۇ ئۇلارنىڭ
روھىي ھالىتىدىكى ئوزگىرىشلەرنى ئىنچىكىلىك
بىلەن كۆزىتىشى كېرەك. روھىي ھالەت قەلبـ
ىنىڭ رۇجىكـى، ئوقۇتقۇچى بۇ رۇجەك ئارـ
قىلىق تاۋۇشسىز تىلنى ئاڭلىيالايدۇ. مەسىلەن،
ئوقۇتقۇچى سوئال سورىغاندا، بەزىلەر ئوقۇتـ
قۇچىغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ بۇ مـەسىلىگە جاـ
ۋاپ بېرىش ئىشەنچىسىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ؛

بەزىلەر بولسا ئۆزىنى ئوقۇتقۇچىنىڭ نەزىرىدىن قاچۇرۇپ بېشىنى سېلىپ ئولتۇرىدۇ، يەنە بەزىلەر بولسا ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۆزىنى تەمكىن كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ. ئوقۇتقۇچى بۇ ئەھۋالدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىگە قانچىلىك ئوقۇغۇچىنىڭ جاۋاپ بېرەلەيدىغانلىقى، قانچىلىك ئوقۇغۇچىنىڭ جاۋاپ بېرەلمەيدىغانلىقىنى ئىگەللەپ، سورىلىدىغان سوئاللارنى تاللايدۇ، ئوقۇتۇش سۈرئىتىنى تەڭشەيدۇ، ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ياخشىلايدۇ ھەمدە بۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ئاڭلىقلىقى ۋە ئاكتىپچانلىقىنى سەپەرۋەر قىلىدۇ.

ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلار دىققىتىنىڭ چېچىلىۋاتقانلىقىنى سەزگىنىدە، ئالدى بىلەن ئۆزىنى تەكشۈرۈپ، ئوقۇتۇشنى تەشكىللەش، مەزمۇنلارنى يەتكۈزۈش ۋە ئىپادىلەپ بېرىش جەھەتلەردە مەسىلىنىڭ بار-يوقلىقىنى ئېنىقلىشى، دىققەتنىڭ چېچىلىشى ئۆزىنىڭ سۆزلەش جەريانىدىكى مۇجمەللىكتىن بولغان بولسا، ئۇنى ئۆز ۋاقتىدا تۈزىتىۋېلىشى كېرەك. ئەگەر ئوقۇغۇچىلار دىققىتىنىڭ چېچىلىشى سىرتقى تەسىرلەردىن پەيدا بولغان بولسا، ھە دېسىلا ئوقۇغۇچىلارنى تەنقىت قىلماستىن، بەلكى سۆزلەشنى ۋاقتىنچە توختىتىش ياكى دىققىتى چېچىلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا نەزەر سېلىش ئارقىلىق دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. چۈنكى، سۆزلەۋاتقان ئوقۇتقۇچىنىڭ بىردىنلا توختاپ قېلىشى بىر خىل يېڭى قوزغىتىش سىگنالى، بۇ يېڭى قوزغىتىش ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدۇ، بۇ، ئوقۇتقۇچىنىڭ دىققىتى چېچىلغان ئوقۇغۇچىلارغا ئاۋازىنىڭ بېرىچە ۋاقىراپ سۆزلىگەندىكى ئۈنۈمىدىن كۆپ ئارتۇق بولىدۇ. ئوقۇتقۇچى ئاۋازىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشى دەرسلىك مەزمۇنىغا ئاساسەن ئۆزگىرىشى كېرەك. سۆزلىگەن سۆزلەر دولقۇنسىمان، ئۇرغۇلۇق، سىلىق چىقىشى، خوشاللىنىش، غەزەپلىنىش، قايغۇرۇش ۋە شاتلىنىش ھېسسىياتلىرىمۇ بىلىنەر-بىلىنمەس ئىپادىلىنىپ تۇرۇشى، سۆز رېتىملىق بولۇشى، ئوقۇغۇچىلار بىر سائەتلىك دەرسنىڭ بىر خىل ھوزۇر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئۆگىنىشكە بولغان قايناق ھەۋىسىنى ئۇرغۇتۇشى كېرەك.

ئوقۇتقۇچى ئوقۇتۇشنى تېيىزدىن چوڭقۇرغا، ھادىسىدىن ماھىيەتكە ئوتۇش قانۇنىيىتى بويىچە ئېلىپ بېرىشى كېرەك. ئوقۇتۇش جەريانىدا ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنى ئاكتىپ تەپەككۇر قىلىشقا يېتەكلەپ، ئەسلەش، سېلىشتۇرۇش، قىياس قىلىش ۋە ھۆكۈم چىقىرىش بىلەن شۇغۇللاندۇرۇشى كېرەك. مەسىلەن، ئىسىم، سان ۋە سۈپەتلەرنى ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئالماشلارنى ئۆگەنگەندە ئوقۇغۇچىلار ئالماشنىڭ ئىسىم، سان ۋە سۈپەتلەرنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىدىغانلىقىنى ئاسانلا چۈشىنىۋالالايدۇ. ئالماشلار ئارقىلىق سۆز - جۈملىلەرنى قىسقا، ئىخچام ئىپادىلىگىلى، تەكرارلىنىشنى ئازايتقىلى بولىدۇ. مانا بۇ ئوقۇتۇش سەنئىتىنىڭ جانلىق ئىپادىلىنىشىدۇر.

(«شەنشى مائارىپى»دىن ئېلىندى)

△ بىلىم — جاپالىق ئەمگەك ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ. ھەر قانداق مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ھەممىسى جاپالىق ئەمگەكنىڭ جەۋھىرىدۇر.

— سۇڭ چىڭلىڭ

△ ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق تىرىشچانلىقلىرىنىڭ مەقسىتى بەخت - سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈشتۇر.

— ئوۋېن

# ئوقۇغۇچىلار دەرسكە كېچىكىپ قالغاندا قانداق قىلىش كېرەك

ئىلھامجان پەخىردىن

(قەشقەر سىفەن شۆيۈەنى سىياسى - مائارىپ پاكولتېتىدىن)

دەرسكە كېچىكىپ قالغان ئوقۇغۇچىلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىدە ئوخشاش بولمىغان كوز قاراشلار مەۋجۇت. نۇرغۇن كىشىلەر: "ئوقۇغۇچى دەرسكە كېچىكىپ قالغاندا، ئىشىكتە تۇرۇپ "رۇخسەتمۇ" دەپ چاقىرىشى، ئوقۇتقۇچى رۇخسەت قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن سىنىپقا كىرىشى لازىم" دەپ قارايدۇ.

مېنىڭچە، مەسىلىنى بۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇش ئۇستازلارنى ھورمەتلەش نۇقتىسىدىن قارىغاندا توغرا بولسىمۇ، ئەمما باللار خاراكتېرىدىكى پەرق، ئوقۇتۇش پائالىيىتىنىڭ بىر سائەتلىك ئەمەلىي جەريانى ياكى دەرسخانىدىكى پۈتكۈل دىققەت نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇنى ئۇنچىۋالا مۇكەممەل دېگىلى بولمايدۇ.

چۈنكى، كېچىككۈچى (ئوقۇغۇچى) نىڭ "رۇخسەت" ئارقىلىق سىنىپقا كىرىپ ئولتۇرۇشى بىلەنلا تۈگەيدىغان ئاددى ئىش ئەمەس. ئۇنىڭ چېتىلىدىغان، تەسىر كورسىتىدىغان تەرەپلىرى خېلى كوپ، يەنى كېچىكىش دەرسخانىدىكى پۈتكۈل دىققەتكە، دەرس ئىنتىزامىغا، دەرس ۋاقتىغا ۋە دەرس ئۈنۈمىگە ئوخشىمىغان دەرىجىدە تەسىر كورسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن كېچىككۈچىلەر ئۈستىدە ئوبدان تەھلىل يۈرگۈزۈش كېرەك.

ئومۇمەن ئالغاندا، كېچىككۈچىلەر ئىچىدە مۇنداق ئۈچ خىل ئوقۇغۇچىلارنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ:

بىر خىلى، تاسادىپىي كېچىككۈچىلەر. بۇ خىلدىكىلەر تونۇش، سەۋىيە جەھەتتىن ئۈستۈنرەك، ئۆگىنىش پوزىتسىيىسى توغرا، ئەدەپ - قائىدىنى قوبۇل قىلغان ۋە ئۇنى ئۆزلەشتۈرۈپ ئادىتىگە ئايلاندۇرۇۋالغانلار بولۇپ، ئۇلار كېچىكىشنى نومۇس، كېچىكىپ چاتاق چىقىرىشنى يامان ئىللەت دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇلار ئىمكان قەدەر كېچىكمەسلىككە تىرىشىدۇ. مۇبادا، ئۇلار تۈرلۈك سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن تاسادىپىي كېچىكىپ قالغاندىمۇ، "رۇخسەت سوراش ۋە مۇئەللىمنىڭ ماقۇللىغىنى ئېلىپ سىنىپقا كىرىش" جەھەتتىكى ئەدەپ - قائىدىنى كونكرېت تەلەپ - ئولچەملەر بويىچە لايىقىدا بېجىرىپ كېتەلەيدۇ.

ئىككىنچى خىلى، كېچىكىشنى ئادەت قىلىۋالغۇچىلار. بۇ خىلدىكىلەرنىڭ مەسىلىگە بولغان تونۇشى نىسبەتەن تېيىز، پوزىتسىيىسى نىسبەتەن پاسسىپ، ئەخلاق - پەزىلەت جەھەتتە تەربىيىنى قوبۇل قىلىشى نىسبەتەن ئاستا، قىسقىسى، ئۇلار ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا، ئەدەپ - قائىدىنى بۇزۇپ قويىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە ئايرىم ساندىكىلىرى "رۇخسەتمۇ" دەپ چاقىرىشنى قانداقتۇ ئۆز كارامىتىنى كور-

ستتش پۈرستى قىلىۋالغان بولۇپ، كېچىكىپ قالغاندا، غەيرى ئاۋاز بىلەن جاڭگالدا تووۇلىغاندەك ۋاقىرايدۇ. بۇنداق ۋاقىراش ئاۋازى شۇ سىنىپتىكى دىققەت، ئىنتىزام ۋە ئاكتىپلىقنى بۇزۇۋېلا قالماستىن، بەلكى خوشنا سىنىپلارغىمۇ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزىدۇ. بولۇپمۇ پوللۇق، كارىدورلۇق ئوقۇتۇش بىنالىرىدا بۇ خىل تەسىرنىڭ ئاقىۋىتى تېخىمۇ يامان بولىدۇ.

ئۈچىنچى خىلى، كېچىككۈچى تارتىنچاقلار (بۇلارنىڭ ئىچىدە قىزلار كۆپرەك). بۇخىلدىكى ئوقۇغۇچىلار كېچىكىپ قالغاندا "رۇخسەتمۇ" دەپ چاقىرىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ، جۈرئەت قىلغان تەقدىردىمۇ ھەتتا بەزىلىرى تۇرلۇك كىچىك ئەندىشە ۋە ياكى تارتىنچاقلىق تۈپەيلىدىن ئۆز ئاۋازىنى ئوقۇتقۇچى ئاڭلىغىدەك چىقىرالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن كېچىككۈچى تارتىنچاق دەرسكە كىرمەي كېتىپ قېلىشقا ياكى دەرستىن چۈشۈش قوڭغۇرىقىنىڭ ئاۋازىنى كۈتۈپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ.

گەرچە 2 - ۋە 3 - خىلدىكى كېچىككۈچىلەر كۆپ سانىنى تەشكىل قىلالمىسىمۇ، لېكىن، بۇنى بەزى ئوقۇغۇچىلاردىكى بىر خىل سوزۇلما خاراكتېرلىك ئىللەت دېيىشكە بولىدۇ. بۇ خىل ئىللەتنىڭ سوزۇلما ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ كېتىۋېرىشىگە ئورۇن بېرىشكە بولمايدۇ.

دەرسكە كېچىكىپ قالماسلىق ئوقۇغۇچىلارغا قويۇلغان ئومۇمى تەلەپ. لېكىن، ھەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئەمەلىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇنى مۇتلەق تەلەپ دېيەلمەيمىز. چۈنكى، پۈتۈن ئوقۇش تارىخىدا بىرەر قېتىممۇ كېچىكىپ قالمايدىغان ئوقۇغۇچى ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ.

ئۇنداق بولسا، ئوقۇغۇچى دەرسكە كېچىكىپ قالغاندا، زادى قانداق قىلىش كېرەك؟

كېچىككۈچى ئىشىكنى يەڭگىل ئېچىپ دەرسخانىغا كىرىپ، ئوقۇتقۇچىغا "رۇخسەتمۇ" دېگەن مەنىدە ئاۋۇشسىز ئىپادە كۆرسىتىشى، ئوقۇتقۇچىنىڭ باش ئىشارىسى ياكى ئاغزاكى رۇخسىتىنى ئالغاندىن كېيىن، دۇرۇس قىياپەتتە، يېنىك قەدەملەر بىلەن ئۆز ئورنىغا بېرىپ ئولتۇرۇشى لازىم.

بۇ خىل ئۇسۇل "رۇخسەتمۇ" دەپ چاقىرىپ كىرگەندىكىگە نىسبەتەن ۋاقىتنى ئازراق تەلەپ قىلىدۇ ھەمدە بۇنىڭ دەرسخانىدىكى دىققەت، ئاكتىپلىق ۋە دەرس ۋاقتىغا يەتكۈزىدىغان تەسىرىمۇ ئاز بولىدۇ.

كېچىككۈچى گەپ - سۆزسىزلا ئىشىكنى ئېچىپ كىرسە، قائىدىسىزلىك، ئەدەپسىزلىك، بىھورمەتلىك قىلغانلىق بولمامدۇ؟ ئوقۇتۇش قانۇنىيىتى، جۈملىدىن بىر سائەتلىك دەرسنىڭ كونكرېت ئالاھىدىلىكى نوقتىسىدىن چىقىپ سۆزلىگەندە، مېنىڭچە، ئۇنداق قىلغانلىق بولمايدۇ. چۈنكى بىر سائەتلىك دەرستە ئاساسىي شەرتلەر ھازىرلىنىش ئاساسىدا، دەرسخانىدىكى دىققەتنىڭ باشتىن - ئاخىر مەركەزلىشىشى بىلەن يۇقىرى دەرىجىدىكى ئاكتىپلىق بىرلەشتۈرۈلگەن بولىدۇ، بۇ - بىر سائەتلىك دەرستە ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ مۇھىم ئامىللىرىدىن بىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ھالبۇكى، دىققەتنىڭ تەسىرگە ئۇچراپ چېچىلىشى دەرس ئىنتىزامىنىڭ بۇزۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئىنتىزامنىڭ بۇزۇلۇشى ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇتۇشنى تەشكىللىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ ياكى ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنىڭ ئاكتىپلىقىنى ۋاقىتلىق سۇسلاشتۇرۇپ قويىدۇ، بۇنداق شارائىتتا، نورمال

هالەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش زورۇر بولىدۇ. قا-
رىماققا، بۇ بىر - ئىككى مىنۇتلىقلا ئىشتەك
تۇيۇلسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇ مۇقەررەر
هالدا دەرس ۋاقتىغا كېچىكىش ئېلىپ كېلىدۇ.
بولۇپمۇ بۇنىڭدا 2 - خىلدىكى كېچىككۈچىنىڭ
كەلتۈرگەن دەخلىسى بىر قەدەر ئېغىر
بولىدۇ.

دىمەك، دىققەت مەركەزلىك، ئاكتىپلىق
يوقۇرى بولسا دەرس ئۈنۈمىمۇ كورۇنەرلىك
بولىدۇ، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا، دەرس ئۈنۈمى-
مۇ تووەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، دەرسخانى-
دىكى دىققەتنىڭ تۇرلۇك تاشقى تەسىرگە ئۇچ-
رىشىغا ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە يول قويۇشقا
بولمايدۇ.

كېچىككۈچىلەرنىڭ كېچىكىش ۋاقتى ۋە
كېچىكىش سەۋەپلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.
هورمەتنى كاپالەتكە، تەلىم - تەربىيىنى ئۈ-
نۈم ۋە كۈچكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، كېچىكىش
ۋاقتىنىڭ قانچىلىك بولۇشى، كېچىكىش سەۋەپ-
لىرىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىنەزەر، ئو-
قۇتقۇچى كېچىككۈچىنىڭ شۇ ۋاقىتتىلا ئوز ئور-
نىغا بېرىپ ئولتۇرۇشىغا دەرهال رۇخسەت قىلىشى،
ئۇنى خىجالەتتە قالدۇرماسلىقى، هەرگىزمۇ دەرس-
نى توختىتىپ قويۇپ "سوت يىغىنى" ئاچ-
ماسلىقى، شۇنىڭدەك ئۇنى سىنىپتىن هەيدەپ
چىقىرىۋەتمەسلىكى لازىم. كېچىكىش ۋاقتى ۋە
سەۋەپلىرىنى دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن سۈ-
رۈشتۈرۈپ مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلسىمۇ بولى-
ۋېرىدۇ. شۇنداق قىلغاندا، ئاندىن دەرسخانىدا
ئاللىبۇرۇن مەركەزلەشكەن (ياكى مەركەزلى-
شىۋاتقان) دىققەتنى، شۇنىڭدەك دەرسنىڭ ئىن-
تىزامى، ۋاقتى قاتارلىقلارنى غەيرى تەسىرگە
ئۇچراشتىن ساقلىغىلى، بىر سائەتلىك دەرسنى
ئوگۇشلۇق تەشكىللەپ ئۈنۈم هاسىل قىلغىلى
بولىدۇ، پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن
ئوقۇتقۇچىنىڭ هورمىتىمۇ تەبىئى هالدا كاپا-
لەتكە ئىگە بولىدۇ.

( بېشى 59 - بەتتە )

ئوقۇغۇچىلار بىر گۈل ئېچىلىش بىلەن
باهار بولمايدۇ، بارچە گۈللەر تەكشى ئېچى-
لىشى كېرەك، دەپ قاراپ، قازاق 1 - ئوتتۇرا
مەكتەپ، خەنزۇ 6 - ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە "مە-
دىنيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش" تا دوسلۇق
مۇسابىقىسى ئېلان قىلىپ، ئورتاق گۈللىنىش
پائالىيىتىنى قاناتيايدۇردى. يىللىقلار ۋە
سىنىپلارمۇ قېرىنداش مەكتەپلەرنىڭ
ئوخشاش يىللىق ۋە سىنىپلىرى بىلەن
مۇسابىقە ئېلان قىلىشتى، بىر-
بىرىگە ئىلهام بەردى. ئىجتىمائى كەيپىيات ۋە
مەكتەپ ئىستىلىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ
ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىلمى نەتىجىلىرىدىمۇ كورۇ-
نەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلدى. دەرسنىڭ ئوز-
لەشتۈرۈلۈش نىسبىتى ئوتكەن يىللاردىكىدىن ئېشىپ
كەتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشەنچىسى بارغانسېرى
ئېشىپ، قېرىنداش مەكتەپلەر بىلەن رىغبەتلەن-
دۈرۈش، ئوز ئارا ئۆگىنىش ۋە تەسىر كورسى-
تىش ئارقىلىق خېلى زور نەتىجىلەرنى قولغا
كەلتۈردى.

بۇ يىل 3 - ئايدا، ئات ئېلىپ قاچقان هار-
ۋىنى توختىتىپ باشقىلارنى قوتقۇزىۋېلىش
جېڭىدە زەخىملەنگەن يولداش جالالىدىن
81 - 82 - ئوقۇش يىلىدا مەكتىۋىمىزنىڭ تو-
لۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇ-
چى بولۇپ، ئۇنىڭ جەڭگىۋار، ئالىجاناپ ئىس-
تىلى، يۈكسەك كوممۇنىستىك ئەخلاقىي پەزىلى-
تى مەكتەپ تەلىم - تەربىيىسىدىكى نەتىجىلەر-
نى نامايەن قىلدى. هازىر مەكتىۋىمىزدە يول-
داش جالالىدىندىن ئۆگىنىش پائالىيىتى كەڭ
قانات بايدۇرۇلماقتا.

# ئۇيغۇر مائارىپ تارىخى توغرىسىدا مۇقەددىمە

ئابدۇللا تالىپ

(بېشى ئۆتكەن سانلاردا)

## V باپ ئوتتۇرا ئەسىردە قەشقەر مەركەز قىلىنغان ئۇيغۇر مائارىپى

يۇقۇرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئۇيغۇر كلاسسىك مائارىپى — ئورخۇن، شامان ۋە مانى دەۋرى (552 — 844)؛ ئىدىقۇت مائارىپ دەۋرى (850 — 1250)؛ بۇددىزىم مائارىپى دەۋرى (75 — 992) جەريانلىرىدىن ئۆتۈپ، كېيىن قەشقەر مەركەز قىلىنغان قاراخانىلارنىڭ ئىسلامىيەت مائارىپى دەۋرى (870 — 1211) گە قەدەم قويدى.

بۇ دەۋردىكى مائارىپ — ئۇيغۇر كلاسسىك مائارىپىنىڭ يۇقۇرى پەللىسى بولۇپ، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادا زور شۆھرەت قازانغان ئىدى.

يېڭىدىن باش كۆتىرىپ چىققان ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام مائارىپىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى بىلەن باشقا دىنى ئېتىقاتلار تارىم ۋادىسىدىن سىقىپ چىقىرىلىپ، ئىسلامىيەت مائارىپى ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولدى ۋە ئىنتايىن تېز راۋاجلاندى.

ئىسلامىيەت دۇنياسىنىڭ بىلىم-مەرىپەت ئىشلىرى تازا گۈللەنگەن مەزگىللىرىدە بىرلا باغدات شەھرىدە 30 ئالى بىلىم يۇرتى، 36 ھۆكۈمەت كۈتۈپخانىسى بار ئىدى. مىلادىنىڭ 830 - يىلى بۇ يەردە چوڭ كۆلەمدىكى ئىلمى ھىكمەت مۇزېيى (beyt al ḥikmət) تەسىس قىلىندى. ئۇ، ئەينى زاماندىكى ئەڭ ئاتاغلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىدى. بۇ ئاكادېمىيىنىڭ 1 - باشلىقى خۇنەيىبى ئىساق(809 — 837 - يىللىرى باغدات ئاكادېمىيىسىگە رەئىسلىك قىلغان) ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى بىرلىكتە يۇنانىنىڭ قەدىمقى كلاسسىك پەلسەپە ئەسەرلىرىنى ئەرەپچىگە تەرجىمە قىلىپ چىققان. ئۇلارنىڭ ئايلىق ئىش ھەققىگە 500 دىنار ئالتۇن بېرىلەتتى؛ كېيىن ئۇلارغا يەنە تەرجىمە ئارگىنالى قېلىنلىقىدا ساپ ئالتۇن مۇكاپات قىلىنغان ئىدى. بۇ دەۋر ئىسلامىيەت مائارىپىنىڭ ئالەمشۇمۇل شۆھرەت قازانغان ئالتۇن دەۋرى ھېساپلىناتتى.

ئوتتۇرا ئاسىيالىق مۇتەپەككۇر ۋە داڭلىق ئالىملاردىن مۇھەممەت ئىبنى مۇسا خارازىمى (780 — 847)؛ ئەبۇبەكرى زىكرىيائالراچى (864 — 925)؛ ئەبۇ نەسىر فارابى (870 — 950)؛ ئەبۇئەلى ئىبنىسىنا (980 — 1037)؛ ئەبۇ رەيھان بىرونى (972 — 1049) قاتارلىق سانسىز ئالىملار ئەنە شۇ دەۋر مائارىپىنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

مىلادىنىڭ 950 - يىلى ئوبۇلھەسەن سېيىد ھاتەم ۋە سېيىد جالالىدىن باغدادى ئىسىملىك ئىككى چوڭ ئالىم قەشقەر (ئوردوكەنت) گە كېلىپ ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام مائارىپىغا ئاساس سالدى. مەزكۇر ئىككى ئۆلىمانىڭ دالالىتى بىلەن مىلادىنىڭ 953 - يىلى سۇلتان سۇتۇق بۇغ-

راخان بىرىنچى بولۇپ ئىسلام ئېتىقادىنى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن قەشقەر ئاھالىسىمۇ كەينى - كەينىدىن ئىسلام ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلدى. يىگىرمە توت يىللىق سوقۇش (997 — 1021) نەتىجىسىدە بۇددىزىمنىڭ جاھىل قورغىنى بولغان خوتەننىڭ كىنەزى ياغلىقار يېڭىلىپ، پوتۇن خوتەن خەلقى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى.

"دىن — ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى تونۇش جەريانىدىكى مۇھىم ئىپادىلىرىنىڭ بىرى..."①

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دىنى ئېتىقات ۋە ماتارىپ ئىدىيولوگىيىسىدە يۈز بەرگەن تارىخىي بۇرۇلۇشلارمۇ دەل دۇنيانى تونۇش ۋە ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىش پائالىيەت جەريانى ئىدى.

ماۋجۇشى: "...بىز تارىخنى ئۈزۈۋېتەلمەيمىز، بىز كوڭ فۇزىدىن تا سۇن جۇڭشەنگىچە بولغان پۈتۈن ئوتمۇشنى يەكۈنلەپ، قىممەتلىك مىراسلىرىمىزغا ۋارىسلىق قىلىشىمىز كېرەك..." دېگەن ئىدى.

جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىرى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ كىلاسسىك ماتارىپ مىراسلىرىمۇ ئەنە شۇ كاتىگورىيىگە كىرىدۇ. قاراخانىلار دەۋرىدە قەشقەر مەركەز قىلىنغان كىلاسسىك ماتارىپ ئەنە شۇ پارلاق مىراسلىرىمىزنىڭ مۇھىم نامايەندىلىرىدىن ھىساپلىنىدۇ.

قاراخانىلار دەۋرىدە ھەممە ۋىلايەت، ناھىيىلەردە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلەر قۇرۇلغان. بولۇپمۇ قەشقەردە مەشھۇر ئالى بىلىم يۇرتى — «مەدرىسەئى ساجىيە» (ياكى (dar ulum) تەسىس قىلىنغان ئىدى. بۇ ئالى بىلىم يۇرتىدا داڭلىق ئالىملاردىن ھۇسەيىن ئىبنى خەلەپ، سەيىد جالالىدىن باغدادى، خوجا ياقۇپ سۈزۈكى، ھۇسەيىن پەيزۇللا، جامالىدىن قەشقىرى، رەشىد ئىبنى ئەلى قەشقىرى، ئىمادىدىن قەشقىرى قاتارلىق نۇرغۇن نوپۇزلۇق ئالىملار مۇئەللىملىك قىلغان ئىدى. «ساجىيە» بىلىم يۇرتىدا ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان ئالىملار، پەيلاسوپلار، تارىخچىلار، شائىر - يازغۇچىلار توپلىنىپ ئىلمىي مۇنازىرىلەر ئېلىپ بېرىلاتتى. «ساجىيە» بىلىم يۇرتىنىڭ دەرسلىكى — ماتېماتىكا، يۇنان پەلسەپىسى، تىلشۇناسلىق، ئاسترونومىيە، تېبابەتچىلىك ئىلمى، ئىلمىي مەنتىق (لوگىكا)، تارىخ، جوغراپىيە ۋە ئىلمىي روھ ساھەلىرىگىچە كېڭەيگەن ئىدى. تۈرلۈك كاتىگورىيىلەر بويىچە نۇرغۇن ئىلمىي تەتقىقات ئەسەرلىرى يېزىلغان ئىدى. بۇ ئەسەرلەر ئەرەپ ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلاتتى (3 - جەدۋەلگە قاراڭ).

3-جەدۋەل:
ئەرەپ ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى

| تەرتىپ | ھەرپ | ئوقۇلۇشى | يالغۇز | باشتا | ئوتتۇرىدا | ئاخىرىدا | تەرتىپ | ھەرپ | ئوقۇلۇشى | يالغۇز | باشتا | ئوتتۇرىدا | ئاخىرىدا |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | ا | ئەلىپ | ا | ا | | ـا | 17 | ص | سات | ص | صـ | ـصـ | ـص |
| 2 | ب | بە | ب | بـ | ـبـ | ـب | 18 | ض | زات | ض | ضـ | ـضـ | ـض |
| 3 | پ | پە | پ | پـ | ـپـ | ـپ | 19 | ط | تى | ط | طـ | ـطـ | ـط |
| 4 | ت | تە | ت | تـ | ـتـ | ـت | 20 | ظ | زى | ظ | ظـ | ـظـ | ـظ |
| 5 | ث | سە | ث | ثـ | ـثـ | ـث | 21 | ع | ئەين | ع | عـ | ـعـ | ـع |
| 6 | ج | جىم | ج | جـ | ـجـ | ـج | 22 | غ | غەين | غ | غـ | ـغـ | ـغ |
| 7 | چ | چىم | چ | چـ | ـچـ | ـچ | 23 | ف | فە | ف | فـ | ـفـ | ـف |
| 8 | ح | ھە | ح | حـ | ـحـ | ـح | 24 | ق | قاپ | ق | قـ | ـقـ | ـق |
| 9 | خ | خە | خ | خـ | ـخـ | ـخ | 25 | ك | كاپ | ك | كـ | ـكـ | ـك |
| 10 | د | دال | د | د | | ـد | 26 | گ | گى | گ | گـ | ـگـ | ـگ |
| 11 | ذ | زال | ذ | ذ | | ـذ | 27 | ل | لام | ل | لـ | ـلـ | ـل |
| 12 | ر | رە | ر | ر | | ـر | 28 | م | مىم | م | مـ | ـمـ | ـم |
| 13 | ز | زە | ز | ز | | ـز | 29 | ن | نۇن | ن | نـ | ـنـ | ـن |
| 14 | ژ | ژە | ژ | ژ | | ـژ | 30 | و | ۋاۋ | و | و | | ـو |
| 15 | س | سىن | س | سـ | ـسـ | ـس | 31 | ه | هە | ه | هـ | ـهـ | ـه |
| 16 | ش | شىن | ش | شـ | ـشـ | ـش | 32 | ى | يا | ى | يـ | ـيـ | ـى |

بىز تۆۋەندە قاراخانىلار ماتارىپىنىڭ ئەڭ بۇيۈك نامايەندىلىرىدىن بولغان بىر قانچە ئالىم

① «خەلق گېزىتى»، 1983 - يىلى 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىكى سانى، 7 - بەت.

لارنىڭ پېداگوگىكىلىق ئىدىيىسىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

## 1. ئىنسىكلوپېدىست ئالىم — ئەبۇ نەسىر فارابى

ئىلىم - پەن دۇنياسىدا ئارىستوتىلدىن كېيىن 2 - ئۇستاز دەپ شوھرەت قازانغان ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئەبۇ نەسىرفارابى ھىجرىيىنىڭ 295 - يىلى (مىلادى 870 - يىلى) قاراخانىلارنىڭ يازلىق پايتەختى بالاساغۇن رايونىنىڭ گۈزەل شەھرى فاراب (ئۇترار) دا دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى مەھەممەت شۇ جايدا ئەڭ ئابرويلۇق ۋە مەرىپەتپەرۋەر بىر زات ئىدى. ئالىمنىڭ ئۇسمۇرلۇك ۋە ياشلىق دەۋرى فاراب شەھرىدە ئۆتتى ۋە بۇ يەردە باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتتى. كىچىكىدىنلا بىلىم خۇمار، تالانتلىق فارابى ئىلىم - پەننىڭ يۇقۇرى چوققىسىغا چىقىشقا ئىنتىلەتتى. لېكىن ئۇ چاغدا فاراب شەھرىدە، ھەتتا بالاساغۇن رايونىدا ئۇنىڭ بىلىم ئارزۇسىنى قاندۇرالايدىغان ئالى بىلىم يۇرتى ۋە بىلىملىك ئوقۇتقۇچىلار تېخى يوق ئىدى. قەشقەردىكى «مەدرىسەئى ساجىيە» — ئالى مەكتىۋى تېخى تەسىس قىلىنمىغان ئىدى، شۇڭا ئۇ، ئەشۇ دەۋردىكى ئىسلامىيەت مائارىپىنىڭ ئاتاقلىق مەركىزى — باغدات شەھرىگە بېرىپ ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىغا كىرىشتى. باغداتتىكى ئالى مەرىپەت مۇھىتى بۇ تالانتلىق ياش ئۇيغۇر - قارلۇق ئالىمىنىڭ بىلىم چوققىسىغا چىقىش ئارزۇسىغا كەڭ ئىشىك ئېچىپ بەرگەن ئىدى. ئەبۇ نەسىر فارابى ئالدى بىلەن تىرىشىپ - تىرمىشىپ پارىس تىلى، ئەرەپ تىلى، گىرىك ۋە لاتىن تىللىرىنى پىششىق ئىگەللىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ، ئەرەپ تىلىدا ئەسەر يازالايدىغان، گىرىك تىلىدىكى پەلسەپە ۋە باشقا ئىلمىي ئەسەرلەرنى بىمالال چۈشىنەلەيدىغان سەۋىيىگە ئېرىشتى. فارابى باغداتتا 40 يىلچە ئىلىم - پەن تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ جەرياندا ئۇ، دۇنيانىڭ 1 - ئۇستازى دەپ شوھرەت قازانغان يۇنان پەيلاسوپى ئارىستوتىلنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرىنى ئەرەپچىگە تەرجىمە قىلدى ۋە بۇ ئەسەرلەرگە قارىتا ئىجادى تەپسىر (ئىزاھ) يازدى.

فارابى باغدات، ھىرات، ھەرران، مىسىر ۋە شام شەھەرلىرىدە ھېساپسىز ئىلمىي مۇنبەرلەردە لېكسىيە ئوقۇدى ۋە ئىلمىي مۇنازىرىلەرگە قاتنىشىپ كوپ ئۇستۇنلۇككە ئېرىشتى. ئەرەپ ئالىمى ئەبۇ بەكرى بەيھاق (994 — 1065) فارابىنى 70 خىلدىن ئارتۇق تىل بىلەتتى، دەپ يازغان ئىدى. فارابى ئىلىم - پەننىڭ تۆرلۈك كاتېگورىيىلىرى بويىچە 300 دىن ئارتۇق ئەسەر يازغان ئىدى. بۇ ئەسەرلەر پەلسەپە، لوگىكا، ماتېماتىكا، خىمىيە، ئاسترونومىيە، تىبابەتچىلىك، مۇزىكا، سىياسى تۈزۈم، پەزىلەت ۋە بەدىئى ئەسەر نەزىرىيىلىرى قاتارلىق كەڭ ھەجىمنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ھازىر مەلۇم بولغان فارابى ئەسەرلىرىنىڭ 119 خىل بىبلوگرافىيىسى (ئىسىملىكى) ئۇنىڭ ھەقىقەتەن ئىنسىكوپېدىست ئۇلۇغ مۇتۇپەككۇر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

كېيىنكى زامانلاردا ياۋروپالىقلار فارابى ئەسەرلىرىنى «ئال فارابۇس» تەخەللۇسىدا گىرىك ۋە لاتىن تىللىرىغا تەرجىمە قىلىپ فارابىشۇناسلىق تەتقىقاتىنى ئېلىپ باردى. ئەرەپ تارىخچىسى ئىبىن خەلكان فارابى توغرىسىدا: "ئىسلامىيەت دۇنياسىدا ئۇنىڭغا تەڭلىشەلەيدىغان ھېچكىم يوق..." دەپ باھالىغان ئىدى. سامان شاھى نەسىر فارابىنى "ئىككىنچى ئۇستاز" (ئارىستوتىلدىن كېيىن) دىگەن ئۇنۋان بىلەن ئاتاپ، فارابى ئەسەرلىرىنى ئەنە شۇ تەخەللۇستا نەشر قىلدۇردى.

ئەبۇ نەسر فارابى شۇنچە ئۇلۇغ ۋە ئۇنىۋېرسال ئالىم بولغىنىغا قارىماي بىلىمنىڭ چەكسىزلىكى توغرىسىدا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق يازغان ئىدى:

پىشمايىن سىرى ۋۇجۇت خام قالدى ئالەم ئۆز پېتى،
يەتشىلمەي گوھىرى ھەم قالدى ئالەم ئۆز پېتى؛
گەر ئەقىل يورۇق چېچىپ، ھەر كىم ئاگا مەنا ئېيتسىمۇ،
ئەسلى چىن تەسۋىردىن كەم قالدى ئالەم شۇ پېتى...

## 2. ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ ئۇلۇغ نامايەندىسى ۋە جاھان تۈركولوگىيە ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى — مەھمۇت قەشقىرى

مەھمۇت قەشقىرى قاراخانىلار مائارىپى تازا گۈللەنگەن چاغدا گۈزەل ئوپال كەنتىدە — مەرىپەتلىك ئائىلىدە تۇغۇلغان. قەشقەرنىڭ ئوپال كەنتى ئەينى زاماندا كەڭ باغۇ - بوستانلىق، ساپ ھاۋالىق جاي ئىدى.

مەھمۇت قەشقىرىنىڭ ئانىسى پاراسەتلىك ۋە بىلىملىك ئايال بولۇپ، مەھمۇت قەشقىرىنىڭ ئۇسۇپ يېتىلىشىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن. مەھمۇت ئۆزىنىڭ مەرىپەتلىك ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدە ساۋادىنى چىقارغاندىن كېيىن، شۇ يەردىكى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى ئەلا تۈگەتتى. كېيىن قەشقەردىكى خانلىق مەدرىس (مەدرىسەئى ساجىيە) گە كېلىپ چوڭ ئالىم ۋە مەشھۇر پېداگوگ ھۈسەيىن خەلەپ ئاتلىق ئوقۇتقۇچىدا ئوقۇدى. ئۇ، بۇ يەردە پارس، ئەرەپ تىلى گىراممىتىكىسىنى، لوگىكا ۋە پەلسەپە ئىلمىنى، تارىخ، جۇغراپىيە، ئاسترونومىيىسىنى، تىببى ئىلمىنى ھەم ئەدەبىيات تارىخىنى پىششىق ئۆگەندى. كېيىن ئۇ، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا دالىلىرىنى كېزىپ يۈرۈپ نۇرغۇن يىللار ئەمەلىي ئىلمى تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئۇ، مۇشۇ ئىلمىي تەكشۈرۈشلىرىدىن كېيىن "يىرىك قامۇس" دەپ ئېتىراپ قىلىنغان مەشھۇر «تۈركى تىللار دىۋانى» ناملىق ئۆلمەس ئەسىرىنى يېزىپ چىقتى. ئۇنىڭ بۇ ئالەمشۇمۇل ئابروي قازانغان كاتتا ئەمگىكى ئۇنىڭ 10 يىللىق ئىلمىي تەكشۈرۈش ساياھىتى ۋە ئىككى يىللىق (1072 - 1074 - يىللار) پىششىقلاپ ئىشلەش ئەمگىكىنىڭ شانلىق مېۋىسى بولدى.

تۈركىيىلىك تۈركولوگ ۋە داڭلىق ئالىم بەسىم ئاتالاي «تۈركى تىللار دىۋانى» توغرىسىدا باھا بېرىپ مۇنداق دېگەن ئىدى:

"ھازىرغىچە تۈركى تىلدا بۇنىڭدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان، بىرەرمۇ ئەسەر كۆرۈلۈپ باقمىغان. بۇ ئەسەر يېگانىدۇر...".

«تۈركى تىللار دىۋانى» ئۆز ئىچىگە ئالغان بىلىم دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلىقى، ئىلمى ئاساسلىرىنىڭ پىششىقلىقى جەھەتتىنمۇ دۇنيادىكى ھەر قانداق ئېنسىكلوپېدىيە (قامۇس) لەر بىلەن تەڭ تۇرالايدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ تېگىگە يەتكەنسېرى مەھمۇت قەشقىرى بىلىم ئەھلىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا ئاجايىپ ئۇلۇغ ئېنسىكلوپېدىست ئالىم ئىكەنلىكى — ئۇلۇغ پېداگوك، تىلشۇناس، ئېتنوگراپ، تارىخچى، جۇغراپىيىچى، شائىر، ماتېماتىك، فولكلور، جەمىيەتشۇناس، مىللەتشۇناس، ۋە ئەرەپشۇناس ئىكەنلىكى روشەن نامايەن بولىدۇ.

«تۈركى تىللار دىۋانى» دا ئالىمنىڭ پېداگوك ئىدىيىسىمۇ خۇددى چولپاندەك جۇلا قىلىپ

تۇرىدۇ. بىز تۆۋەندە بىر قانچە ئىزاھلىق مىسالنى كورسىتىپ ئۆتىمىز:

△ كوپلىگەن پەزىلەت ئىگىلىرى ۋە بىلىمى تاغدەك دانالار ئالەمدىن كەتتى. ئۇلارنىڭ بىباھا سوز ـ ھىكمەتلىرى ھىلىمۇ دىلىمنى يورۇتۇپ تۇرىدۇ.

△ ئەي ئوغۇل، نەسىھىتىمنى ئاڭلا، قۇلىقىڭدا تۇت. ئەل ئارىسىدا بىلىملىك ۋە پەزىلەتلىك بول؛ بىلىمىڭنى باشقىلارغا ئۆگەت.

△ بىلىملىك كىشىلەرنى ھورمەتلە، سوزىگە ئاشىق بول، ئۇلارنىڭ پەزىلىتىنى ئۆگەن، ئەمەلىيىتىڭدىمۇ شۇنداق بول.

△ ئىلىم ـ ھىكمەت ئىزلە؛ لىكىن، مەغرۇرلانما، نادانلار ماختىنار، سىناقلاردا مات بولار.

△ مال ـ دۇنيا ئىنسانلارغا دۇشمەن، مەرىپەت سويگۈچى ھەرگىز مال ـ دۇنياغا ھىرىسلىق قىلمايدۇ.

«تۈركى تىللار دىۋانى» دا يەنە پەزىلەتلىك بولۇش، ئەمگەك سۆيۈش، ۋاپالىق بولۇش، جاسارەتلىك بولۇش توغرىسىدىكى تەلىم ـ تەربىيە ئىدىيىلىرىمۇ قەدىمقى ماقال ـ تەمسىللەر، قەدىمقى قوشاقلار ئارقىلىق نۇرغۇن سىڭدۇرۇلگەن.

مەسىلەن:

△ ئەمگەك ئەكىندە قالماس (ئەمگەك بوشقا كەتمەيدۇ).

△ ئارپاسىز ئات قىر ئاشالماس، ياردەمچىسىز پالۋان سەپ يارالماس.

△ كىچەشلىك ئىش ئۇكىشلار، كىچەشسىز ئىش بۇزۇلار.

△ بەلگۈ بولسا يولدىن ئازماس، بىلىملىك سوزىدىن ئازماس.

△ ياقىسىدىكىنى يالايمەن دەپ، قولىدىكى تاۋىقىدىن ئايرىلىپتۇ.

△ قاغا غازنى دورايمەن دەپ پۇتى سۇنۇپتۇ.

△ كوسەي ئوزۇن بولسا قول كويمەس.

△ بەختسىز قودۇققا چۈشسە، ئۈستىگە قۇم يىغىپتۇ.

△ ئۆي بولىدىغان كالا مۇزاي چېغىدا بىلىنىدۇ.

△ ھاجەتمەن مېھمان ئالدىڭغا كەلسە، سەن ئۇنى كۈتتۈرمە، تەييار ئىشىگىنى ئالدىڭغا كەلتۈر.

△ مېھماننى ئىززەتلە، داڭقىڭنى ئەلگە يايسۇن.

△ ھاجەتمەننى مېھمان قىلىشنى ئېغىر كورسەڭ ئۇلار سېنى قاغايدۇ.

△ بېخىل ــ پەسكەش، يارىماس نەرسە. ئۇ مال ـ دۇنيانىڭ ساقچىسى. يىمەي ـ ئىچمەي توپلايدۇ. ئاخىرى دۈشمىنىگە قالىدۇ.

△ مېھمان كەلسە بەخت كەلدى دەپ بىلىدىغان مەرتلەر دۇنيادىن كېتىپ قالدى. يىراقتىن قارا كۆرۈنسە ــ مېھمان كېلىپ قالمىسۇن، دەپ ئۆينى تاشلاپ كېتىپ قالىدىغان پەسلەر قالدى.

## 3. ئۇيغۇر كىلاسسىك مائارىپىنىڭ بۈيۈك ئۇستازى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇنىڭ مائارىپ ئىدىيىسى

قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر كىلاسسىك مائارىپىدا يېتىشىپ چىققان بۈيۈك ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ ئۆلمەس دىداكتىك ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن چوڭ شۆھرەتكە ئىگە. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ يىرىك ئەسىرىنى 1069 - 1070 - يىللىرى تاماملىغان. بۇ ئەسەر 82 باپ، 6645 بېيىت، 13290 مىسرادىن قۇرۇلغان چوڭ ھەجىملىك دىداكتىك داستان. بۇ كاتتا ئەسەر پەلسەپە، تارىخشۇناسلىق، دۆلەت، قانۇن، جەمىيەتشۇناسلىق، مائارىپ، ئەخلاقشۇناسلىق، تىبابەت، جۇغراپىيە، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، دىپلوماتىيە، تىل - ئەدەبىيات ۋە ھەربىي ئىلىم قاتارلىق ئونۋېرسال مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەسەرنىڭ بۇ مول مەزمۇنى 4 پېرسوناژنىڭ سۆھبەت مۇنازىرىسى ئارقىلىق بايان قىلىپ بېرىلگەن: ئۇنىڭ بىرىنچىسى كۈن تۇغدى بولۇپ ئادالەتنىڭ سىمۋولى؛ ئىككىنچىسى ئاي تولدى — ئەقىل - پاراسەتنىڭ سىمۋولى؛ ئۈچىنچىسى ئۆگدۈلمىش — ئىجتىھات ۋە غەيرەتنىڭ سىمۋولى؛ تۆتىنچىسى ئودغۇرمىش — چىداملىقنىڭ سىمۋولى. مۇشۇ تۆت سىمۋول پۈتۈن ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى ئېچىپ بېرىدىغان ئاساسىي ئامىللاردۇر. بۇ ئامىللار كىتاپنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە سىڭدۈرۈلگەن. ئادالەت، بىلىم، پەزىلەت ۋە چىدام خىسلەتلىرى ئىنسانلارنىڭ گۈزەل غايىسى بولۇپ، تەلىم - تەربىيىنىڭ توپ مەقسىدىمۇ ئادەملەرنى ئەنە شۇ غايە بىلەن بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرۈشنى نىشان قىلىدۇ. ئەسەرنىڭ نامى «بەخت كەلتۈرگۈچى بىلىم» دەپ ئاتىلىشىمۇ ئەنە شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇ.

تۆۋەندە بىز «قۇتادغۇ بىلىگ» نىڭ مائارىپ ئىدىيىسى توغرىسىدا بىر قانچە ئىزاھلىق مىسال كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

### بىلىم توغرىسىدا

△ بىلىمنى ئۇلۇغ، ئەقىل - ئىدرەكنى بۈيۈك بىل. بۇ ئىككىسى ئىنسان مەرتىۋىسىنى يۇقۇرى كۆتىرىدۇ.

△ ئەقىل - ئىدرەك قەيەردە بولسا، ئۇلۇغلۇقمۇ شۇ يەردە، كىمدە بىلىم بولسا، بۈيۈكلۈك شۇ كىشىدە.

△ بىلىمنى نىمىشقا بىلىم دىگەنلىكنىڭ مەنىسىنى بىل؛ چۈنكى، بىلىم ئىگىسىدىن كېسەل يىراقلىشىدۇ. بىلىم مەشئەلدۇر، مەشئەل يورىسا كىشى كېچىدىمۇ يولدىن ئازمايدۇ.

△ يۈر، ئەي نادان! كېسىلىڭنى داۋالا. ئەي ئالىم، نادانىنىڭ كېسىلىنى ئېيتىپ بەر.

△ ئىشىڭنى ئۇقۇمۇشلۇق بىلەن ئىشلە؛ زامانەڭنى بىلىم بىلەن مۇستەھكەملە.

△ بىلىم ئال، ئۆزەڭگە توردىن ئورۇن ھازىرلا. ھەر قانچە بىلسەڭمۇ يەنە ئۆگەن، يەنە ئىزدەن؛ قارىغىنكى، بىلىملىك كىشىلەر سورا، سورا ئۆز تىلەكلىرىگە يېتىشكەن.

△ بىلىم ۋە ئەقىلنىڭ تىلماچى تىلدۇر. ئەقىلنى نۇرلاندۇرغۇچى تىلغا ماھىر بول.

△ ئادەم بەربىر ئۆلىدۇ؛ بىلىم ئىگىلىرىنىڭ سۆزى ئۆلمەيدۇ.

△ ئىككى نەرسە بىلەن ئادەم قېرىمايدۇ، بىرى بىلىم، بىرى پەزىلەتلىك سۆز.

△ ئەي ئوغۇل، مەندىن ساڭا ئالتۇن، كۈمۈش قالمىدۇ، سەن ئۇنى مەندىن ساڭا قالغان مەرىپەتكە تەڭ كورمە.

△ كىشى بىلەن كىشى ئوتتۇرىسىدا پەرق كوپ، ئەڭ چوڭ پەرق بىلىمدە.

△ ئالەمدىكى ھەممە ياخشىلىق بىلىمدىن كېلىدۇ، بىلىم بىلەن كىشىلەر ئاسمانغا يول ئاچالايدۇ.

△ بىلىم ئەھلى ئۆز بىلىمى بىلەن كىشىلەرگە مەرىپەت چاچمىسا ئۇنىڭ بىلىمى نۇرسىز قالىدۇ.

△ جاھان تۇتقۇچى ئەر پاراسەتلىك بولسا جاھان مۇستەھكەم بولىدۇ؛ بىلىملىك بولسا مەملىكىتى كۈچلۈك بولىدۇ.

مۇشۇئىككىسى بىرلەشكەن كىشى كامالەت تاپىدۇ. كامىل كىشى ھەممە نىمەتكە ئىگە بولىدۇ.

## پەزىلەت توغرىسىدا

△ سەممىيەت ئىنساننى يۈكسەلدۈرىدۇ، ئىنسان ئىناۋىتىنى يۇقۇرى كوتىرىدۇ.

△ كىشىگە ئادىل بول، ئادىل كىشىنىڭ ھەر بىر پەيتى بەختلىك بۇلالايدۇ.

△ نەپسانىيەت ئۇچۇن ئوزۇڭنى ئوتقا ئاتما، ھاۋايۇ - ھەۋەستىن بۇلغانما.

△ ئاچكوز كىشىلەرگە ئىش تاپشۇرما، ۋاپاسىز كىشىلەرگە ئاش - تاماق بەرمە.

△ دۇنيا بىر تېرىلغۇ ئېتىزىدۇر، ئەمگەك بىلەن دان تېرىساڭ ھايات ئوزۇغى ئالىسەن.

△ قوپال سوزنى تىلىڭدىن چىقارما، قوپال تىل يالقۇنجىغان ئوت.

△ هارامغا ئارىلاشما، ئوكتەم بولما، ئوچ ئالما.

△ هاراق ئىچمە، پىتنە - پاساتتىن نېرى قاچ!

△ مەنسەپ ئىگىسى بىلىملىك، دانا، كوزى توق، كوڭلى - كوكسى كەڭ بولۇشى لازىم.

△ ئاچكوز تويمايدۇ، ئۇنىڭ نەپسىگە دۇنيانىڭ ئاش تامىغى يېتىشمەيدۇ.

△ يالغانچى ۋاپاسىز كېلىدۇ، ۋاپاسىز كىشى خەلققە بەخت كەلتۇرمەيدۇ.

△ مەنسەپدارنىڭ مىجەزى تەرسا بولسا ئىش تەتۇرىگە ماڭىدۇ، خوشاللىقى قايغۇغا ئايلىنىدۇ.

## 4. ئەدىپ ئەھمەتنىڭ مائارىپ ئىدىيىسى

ئەدىپ ئەھمەت قاراخانىلارنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ياشىغان ئاتاغلىق ئوقۇتقۇچى، شائىر ۋە زامانىسىنىڭ مەشھۇر مۇتەپەككۇرى ئىدى. ئۇنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» (ھەقىقەتلەر بوسوغىسى) ناملىق دېداكتىك (تەربىيۋى) ئەسىرى ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

«ئەتەبەتۇل ھەقايىق» جەمى 14 باپ، 484 مىسرادىن تەركىپ تاپقان دېداكتىك داستان. ئۇ، باي پېداگوگىكىلىق مەزمۇنغا ئىگە. ئەسەرنىڭ مائارىپ ئىدىيىسىنى تۆۋەندىكى قىسقا مىساللار بىلەن ئىزاھلاپ ئوتىمىز:

## بىلىم ـ مەرىپەت توغرىسىدا

△ بىلىملىك كىشى قىممەتلىك دىنار (ئالتۇن ـ تىللا)؛ بىلىمسىز نادان — قىممىتى يوق ياماق، پاخال.

△ ئىنساننىڭ زىننىتى — ئەقىل.

△ بىر بىلىملىك مىڭ نادانغا تەڭ.

△ بىلىم ئىزلە ـ ئېرىنمەي ئۆگەن.

△ تۆرلۈك ـ تۈمەن ئىشلاردا نادانىنىڭ كورگۆلىگى پۇشايمان. ئۇنىڭغا پۇشايماندىن ئۆزگە قىسمەت يوق.

## پەزىلەت توغرىسىدا

△ ئەدەپ ـ ئەخلاقنىڭ بېشى — تىل.

△ كىشىنىي تىل بىلەن ئازاپلىما، بىلگىنىكى، تىغ يارىسى ساقىيىدۇ، تىل يارىسى ساقايمايدۇ.

△ كىشىگە ھەر ئىش كەلسە تىلىدىن كېلىدۇ. ياخشىلىقمۇ، يامانلىقمۇ تىلدىن ئايان بولىدۇ.

△ بېخىل (ئاچكوز) يارىماس نەرسە، ئۇ مال ـ مۈلۈكىنىڭ ساقچىسى. ئۇ، ئاچكوزلىك بىلەن پۇل، مالغا ھېرىس، ئۇ، ئۇلىپ مېلى قالىدۇ، ئۇنى ئاخىرى دۈشمىنى يەيدۇ.

# VI باپ چاغاتاي دەۋرىدە ئۇيغۇر مائارىپى

چىڭگىزخان ئىستىلاسى نەتىجىسىدە چىڭگىزنىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاي (1242 — 1179) ئۇزىگە تەقسىم قىلىنغان زېمىنغا ئۇيغۇرلار رايونىنى قوشۇپ ئىدارە قىلدى. چاغاتاي ئۇلۇسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئەشۇ دەۋرنى تارىخچىلار ئۇنىڭ نامى بىلەن «چاغاتاي دەۋرى» دەپ ئاتىدى.

چاغاتاينىڭ پايتەختى ئالمىلىق (ھازىرقى ئىلى) بولۇپ، مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى ۋە داڭلىق پېداگوك سىراجىدىن ئابۇ ياقۇپ ئىبنى ئابۇ يۇسۇپ سەككاكى (1228 — 1160) چاغاتاينىڭ ئىلمىي مەسلىھەتچىسى ئىدى. مەشھۇر دىپلومات ۋە سىياسىئون قۇتبىددىن بولسا چاغاتاينىڭ باش مەسلىھەتچىسى، داڭلىق دوختۇر مجىت ئۇنىڭ باش دوختۇرى، تالانتلىق مائارىپچى ۋە يېزا ئىگىلىك ئىنژېنېرى مەسئۇتبەك ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ باش ۋالىسى بولۇپ بەلگىلەنگەن ئىدى.

ئۇيغۇر ئالىمى سەككاكى ۋە مەسئۇتبەكنىڭ ئىجتىھات كورسىتىشى ئارقىسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ كىلاسسىك مائارىپى مۇشۇ دەۋردە يەنە قايتىدىن گۈللەپ، ئىنتايىن زور تەرەققى قىلغان ئىدى. بۇ چاغدا ئالمىلىق، بۇخارا ۋە قەشقەر ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە ئىلىم ـ پەن مەركەزلىرىگە ئايلاندى. بولۇپمۇ مەسئۇتبەك ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىي ـ مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا ئىنتايىن زور ئەمگەك سىڭدۇردى.

مەسئۇتبەك كىدانلار تەرىپىدىن ۋەيران قىلىۋېتىلگەن قەشقەردىكى مەشھۇر ئالىي بىلىم يۇرتى «مەدرىسەئى ساجىيە» نىڭ خارابىسى ئورنىدا مىلادىنىڭ 1260 ـ يىلى «مەسئۇدىيە» نامىلىق نوپۇزلۇق بىلىم يۇرتى ۋە ئۇنىڭ يېنىدا «سائادەت» نامىلىق داڭلىق كۇتۇپخانىنى تەسىس

قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر كىلاسسىك مائارىپى قايتىدىن راۋاجلىنىپ قەشقەر پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە «سانى بۇخارا» دىگەن شەرەپلىك ئىلمىي شۆھرەتكە ئىگە بولدى.

مەسئۇتبەك 1254 - يىلدىن 1289 - يىللارغىچە ئۆزىنىڭ نامىدا ئاتالغان بۇ ئالىي مەكتەپكە بىۋاستە رىياسەتچىلىك قىلدى. مەسئۇتبەكنىڭ يېقىن دوستى — مەشھۇر ئالىم جامال قارشى (1230 - يىلى ئىلىدا تۇغۇلۇپ، كېيىن قەشقەر مائارىپىغا زور تۆھپە قوشقان) «مەسئۇدىيە» ئۇنىۋېرسىتېتىدا نوپۇزلۇق مۇدەررىس (پىروفېسسور) ئىدى.

ئۇ، «مەسئۇدىيە» ئۇنىۋېرسىتېتىنى تەرىپلەپ مۇنداق يازىدۇ:

"... بۇ مەكتەپكە ھەممە ئىقلىمدىن ھەر يىلى مىڭلاپ ئوقۇغۇچىلار كېلىپ تۇرىدۇ. بۇ يەردە يالغۇز دىنى ئەقىدە ۋە ئىلاھى تەلىماتلار ئەمەس، بەلكى ئەڭ مۇھىمى ئارىستوتىل، سوقرات ھەكىم، خارازمى، فارابى، ئىبنى سىنا پەلسەپىلىرى... تەتقىق قىلىنىدۇ، ئەرەپ، پارس ۋە ئوردۇ قاتارلىق چەتئەل تىللىرى ئوقۇلىدۇ." («ساياھەت خاتىرىسى» جامال قارشى، 1273 - 1274 - يىللار).

«مەسئۇدىيە» بىلىم يۇرتىدا ئىلمى ئۇنۋان ۋە مۇنتىزىم ئىمتىھان تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. ئوقۇش پۈتتۈرگۈچىلىك ئەسەر يازغانلارغا ئەللامە (ئاكادېمىك، دوكتۇر)؛ ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغانلارغا مۇدەررىس (پىروفېسسور) ياكى مەۋلىۋى، داموللا؛ ئۈچىنچى دەرىجىلىكلەرگە بولسا موللا ياكى خەلپەت ئۇنۋانى بېرىلەتتى.

«مەسئۇدىيە» ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەر ئىچىدە نۇرغۇن زىيالىلار چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ مەمۇرى باشلىقى بولۇپ ئىشلىدى. ھەتتا خانبالىقتا ھۆكۈمران بولۇپ تۇرغان چىڭگىزنىڭ نەۋرىسى قۇبلاي (1215 — 1294) نىڭ باش مىنىستىرى (باشبۇغ) مەھمۇت يالاۋاش ۋە بايلۇ ئەھمەتلەرمۇ ئەنە شۇ مەكتەپتە ئوقۇغان.

بۇ يەردە شۇنىمۇ ئالاھىدە قەيت قىلىپ ئۆتۈش زۆرۈركى: بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى، مەشھۇر پېداگوگ ۋە تالانتلىق مەمۇرىيەت باشقۇرغۇچى تاتا تۇڭا ئەينى زاماندا چىڭگىزخاننىڭ ھەممە ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. چاغاتاينىڭ ئۆزىمۇ ئەنە شۇ ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىدا ئوقۇپ ساۋات چىقارغان. داڭلىق ئالىم ۋە مەشھۇر پېداگوگ تاتا تۇڭا دەسلەپ نايمان ئېلىنىڭ تايانخان (كۈنخان) ئوردىسىدا باش ئىلمىي مەسلىھەتچى ۋە ئوقۇتقۇچى بولغان. كېيىن چىڭگىزخان ئىمپېرىيىسى قورۇلغان چاغدا چىڭگىزخان بۇ ئۇيغۇر ئالىمىنى ئۆز ھوزۇرىغا تەكلىپ قىلىپ ئوردا ئوقۇتقۇچىسى قىلدى. تاتا تۇڭا ئەنە شۇ چاغدا كىدان ۋە موڭغۇل ئېلىپبەسىنى ۋە گىراماتىكا قائىدىسىنى يەنى تۇنجى كىدان ۋە موڭغۇل يېزىقىنى كەشپ قىلىپ بەردى. بۇ يېزىق كېيىن جۇرجان ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا يېزىقىنىڭ نەمۇنىسى بولۇپ قالدى. تاتا تۇڭا ئىجات قىلغان كىدان، موڭغۇل ۋە مانجۇ يېزىقى قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئورخۇن ئېلىپبەسى ئاساسىدا تۈزۈلگەن.

ئادالەتپەرۋەر ئوقۇتقۇچى تاتا تۇڭا چىڭگىزخان ئوردىسىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش جەريانىدا تولاراق ئادالەتلىك بولۇش، ئەپۇچان بولۇش توغرىسىدا سۆزلەپ ئۆزىنىڭ ئەخلاقى كۆز قارىشى ۋە تەلىم - تەربىيە ئىدىيىسىنى سىڭدۈرۈشكە تىرىشاتتى. بۇ خىل تەلىم - تەربىيە ئەينى

زاماندا يۈز بېرىۋاتقان قانلىق قىرغىنچىلىق ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە تولىمۇ مۇھىم ئىدى. لېكىن، بۇ ئىدىيە چىڭگىزخانغا ماقۇل بولۇش - بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر ھەقىقەتپەرۋەر تاتا تۇڭا ئۆزىنىڭ تەلىم - تەربىيە كۆز قارىشىنى سادىقلىق بىلەن ساقلاپ قالاتتى.

تاتا تۇڭا تەربىيىسى خېلى سىڭگەن چاغاتاي ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇيغۇرلار رايونىنى ئىدارە قىلىشنى قولىغا ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن بىر قەدەر كەڭ سىياسەتنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر زىيالىلىرىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئىش يۈرگۈزۈشنى ئىجرا قىلدى. ئۇنىڭ بىپايان ئىمپېرىيىسىدە ئۇيغۇر تىلى بىردىن بىر ھۆكۈمەت تىلى ۋە ئالاقە تىلى ئىدى؛ مەمۇرى ئىشلار ئەنە شۇ تىل بىلەن يۈرگۈزۈلەتتى.

مەشھۇر ئەرەب تارىخچىسى ئىبىن ئەل بەشر (1388 — 1450) مۇنداق يازىدۇ:

"... بۇ يەردە مەنسەپ بەلگۈ نامىلىرى، بۇيرۇق - پەرمانلار، يازما ئەسەرلەر ئۇيغۇر تىلى بىلەن بولىدىكەن، پەقەت مۇشۇ تىلنى بىلگەن كىشى روناق تاپالايدىكەن، ھورمەتكە، ئامەتكە سازاۋەر بولالايدىكەن" (كىرىپورت، «ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى» 56 - بەت)

كېيىنكى تارىخچىلار ۋە تىلشۇناسلار بۇ تىلنى مۇشۇ چوڭ رايوننىڭ سىيۇرغال ئىگىسى چاغاتاينىڭ نامى بىلەن باغلاپ «چاغاتاي تىلى» دەپ قوللاندى.

«قۇتادغۇ بىلىگ» — قاراخانىلارنىڭ «خاقانىيە تىلى» ئاساسىنى تىكلىگەن بولسا، خوجە ئەھمەت يەسۋى تەرىپىدىن 1145 - يىلى يېزىلغان «دىۋان ھىكمەت» ۋە قەشقەرلىك چوڭ مۇدەررىس نەسرىدىن ئىبىن بۇرھاندىن رابغۇزى تەرىپىدىن 1310 - يىلى يېزىلغان «ئەۋلىيالار قىسسەسى» ناملىق رومان «چاغاتاي تىلى» ئاساسىنى تىكلىگەن ئىدى. چۈنكى بۇ ئىككى ئەسەر زامانىسىدا ئۆيمۇ - ئۆي ئوقۇلىدىغان، تەسىرى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا كەڭ تارالغان ئەدەبىي كىتاپلار ئىدى. بۇ ئەسەرلەرنىڭ تەسىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئورنى كۈندىن - كۈنگە مۇستەھكەملەندى. ھەتتا ئۆزبېك خان (1312 — 1340) ۋە تۇغلۇق تومۇرخان (1347 — 1363) لار ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان ئىدى.

* * *

چاغاتاي مائارىپىنىڭ مىراسلىرى تاكى كېيىنكى ئەسىرلەرگە قەدەر نامايەن بولۇپ تۇردى. نەتىجىدە ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەڭ ئوقۇمۇشلۇق خەلق بولۇپ كېلىۋاتقانسالاھىيىتىنى تېخىمۇ ئوچۇق كۆرسەتتى.

پىروفېسسور مالوپ مۇنداق دەپ يازىدۇ:

... "مۇڭغۇللار ئارىسىغا مەدەنىيەت تارقاتقان، ئۇلارغا ئۇستاز بولغان ۋە ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەت ئوردىسىدا ئىش يۈرگۈزگەنلەر ئۇيغۇرلار ئىدى...."

بۇ ئەھۋال يالغۇز چاغاتاينىڭ سىيۇرغال زېمىنىدىلا ئەمەس، ھەتتا قۇبلايخان تەسىس قىلغان يۈەن سۇلالىسى ھاكىمىيىتىدىمۇ شۇنداق.

مەسىلەن: قۇبلايخاننىڭ ۋەزىرى ھەسەن ئەييار، چەتئەللەر بىلەن ئالاقە باغلاش ۋەزىرى ۋە دېڭىزچىلىق ئالىمى يەكمىش، ئىلمىي مەسلىھەت ۋەزىرى چولپان سالى، بۇددا ئىشلىرى ۋەزىرى ساقى، كوپ تىللارنى جۈملىدىن گىرىك ۋە لاتىن تىلىنى بىلىدىغان ئالىم ۋە خىرىستىيان

دىنى ۋەزىرى رەببانى، جەنۇبىي جوڭگو ۋەزىرى ئۇمەر، باش ئادۋوكات ۋەزىرى بورۇل ئەييار، ھەربى سەركەردە چاغان تومۇر بىلەن كوك تومۇر؛ ئاسترونومىيە ئالىمى جامالىددىن، ئاتاغلىق ئەدىب يۇنۇس ھەييام؛ ئاتاغلىق دوختۇر يەھيا؛ يېزا ئىگىلىك ئالىمى تومۇر تۇبرۇك، «جۇرجىن تارىخى» ناملىق ئەسەرنى يازغان تارىخچى سارابان، «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» نى يازغان ئاپتور يانسارى، مەشھۇر كومپوزىتور مەھەممەت چولپان، كوپ تىللارنى پىششىق بىلىدىغان تىلشۇناس ئەلسارى قاتارلىقلارنى كورسىتىپ ئوتۇش كۇپايە. بولۇپمۇ ئاتاغلىق ئالىم تومۇر تۇبرۇك يازغان «زىرائەت ئوسۇملۇكلىردىنى يېتىلدۇرۇش پىرىنسىپلىرى» ناملىق ئىلمىي ئەسەر تاكى يېقىنقى چاغلارغىچە ئېلىمىز مەكتەپلىرىدە ئوقۇلىدىغان مۇھىم دەرسلىك كىتاپ بولۇپ كەلدى.

چاغاتاي ئوردىسىنىڭ باش دوختۇرى مىجىت ۋە قۇبلاينىڭ باش دوختۇرى يەھيانىڭ ئالىملىق ۋە خانبالىقتا ئاچقان سۇنۇق كېسەللىكىنى داۋالاش مەكتىۋى ۋە مال دوختۇرلۇق مەكتەپلىرى نۇرغۇن شاگىرتلارنى يېتىشتۇرگەن. بۇ دوختۇرلار شىر دەريا ۋادىسىدىن تارتىپ تاكى خۇاڭخې ۋادىسىغىچە ئات ئۇستىدە يۇرۇپ بىمالال ۋىراچلىق ۋە تېبىقچىلىق قىلاتتى. بۇ ھەقتە ئېلىمىزنىڭ مىدىتسىنا كىتاۋى — مەشھۇر «نىيجىڭ» ناملىق كىلاسسىك ئامۇستا يېزىلغان تۋۋەندىكى پاكىتلارنى كورسىتىپ ئوتۇشكە بولىدۇ:

"... غەربىي رايون ئالتۇن ۋە قاشتېشى ماكانى، ئۇ يەردىكى خەلقنىڭ ئوزۇقلىنىشى ياخشى، گوش، ماي بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ، تائاملىرى قۇۋۋەتلىك بولغاچقا كېسەللەر ئۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ تېنىنى زەھەرلىيەلمەيدۇ."

"ئۇيغۇرلار ئۇزۇم، بىدە، ئانار، زىغىر، ياڭاق، پۇرچاق، يۇمغاقسۇت، پىياز، سامساق، زاراڭزا چېچىكى قاتارلىق ئوسۇملۇك ۋە گىيالاردىن ياخشى دورىلارنى ياسايدۇ. ئانارنىڭ پوستى مەددە قۇرۇتىنى يوقىتىدىكەن، ئانار گۇلى كىشىنىڭ روھىنى زوقلاندۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئىكەن. زىغىرنىڭ تەبىئىتى موتىدىل بولۇپ مىجەزنى تەڭشەيدىكەن، ئۇزۇم پەي بىلەن سوڭەككە قۇۋۋەت بېرىدىكەن".

يەنە «جۇڭگىڭلۇ» ناملىق تىببى ئەسەردە قۇبلايخاننىڭ باش دوختۇرى يەھيانىڭ ئىچىتقۇ دورىسىنى كەشىپ قىلىپ سىچۇەن ئولكىسىدە پەيدا بولغان قورقۇنۇچلۇق ۋابا كېسىلىنى ساقايتقانلىقى تەزكىرە قىلىنىدۇ. شۇ كىتاپنىڭ 22 - تومىدا يەنە مۇنداق تەسۋىرى پاكىتلار يېزىلغان:

رىن زىجاۋ دىگەن كىشى ئېيتىدۇ: "ئويگە قايتىۋاتسام خوشنامنىڭ ئوغلى قاتتىق بېشى ئاغرىپ نالە - پەريات ئىچىدە يېتىپ قاپتۇ. بىر ئۇيغۇر تىۋىپ كېلىپ، يېنىدىكى ئۇستۇرا بىلەن بالىنىڭ ماڭلاي پىشانىسىنى يېرىپ، بىر كىچىك قۇرۇتنى ئېلىۋەتتى. ھىلىقى قۇرۇت قاتتىق تاشتەك ئىدى. قۇرۇت بىر ئاز ھەركەت قىلىپ تۇرۇپ، ئۇزۇن ئوتمەي ئولۇپ قالدى. بالىمۇ دەرھال ساقايدى".

يەنە شيا شۇسۇ دىگەن كىشى ئېيتىدۇ: "پىڭجياڭ ئەگمىسى يېنىدا بىر كىشىنىڭ ئېتى قوسىغى كوپۇپ يېتىپ قالغان ئىكەن. بىر ئۇيغۇر دوختۇر كەلدى - دە، ئاتنىڭ پۇتىدىن بىر نىمىنى كېسىۋەتتى. ھايال بولماي ئات ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى...."

يۈەن سۇلالىسى تەزكىرىلىرىدە يەنە مۇنداق تارىخىي پاكىتلار نەقىل كەلتۈرۈلگەن:

ئىچكىرىگە كېلىپ تىجارەت قىلىدىغان بىر نەچچە مىڭ سودىگەرلەر قاتارىدا ئۇيغۇر تېۋىپلىرىمۇ كۆپ ئىدى. ئۇلار بېيجىڭ قاتارلىق جايلاردا نۇرغۇن دورىخانىلارنى ئاچقان ۋە داۋالاش ئورگانلىرىنىمۇ قۇرغان. بۇ دورىخانىلاردا سېرىق قۇيرۇقلۇق جەرەننىڭ ئەزالىرىدىن ياسالغان قىممەتلىك دورىلار بار ئىدى. بۇ دورىلار ئادەمنى سەمرىتىش، سوغۇق يەلنى ھەيدەش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئىدى. ياز كۈنلىرى دورىخانىلاردا قىمىزمۇ سېتىلاتتى. قىمىز بولسا قېرىلىقنى كەتكۈزۈپ، ئادەم ئورگانىزىمىنى، بولۇپمۇ ئۆپكە بىلەن يۈرەكنى ياشارتىش خۇسۇسىيەتىگە ئىگە ئىدى...

يۇقۇرىقى پاكىتلار چاغاتاي زامانىسىدىكى ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ ئەينى زامان شارائىتىدا ئىختىساسلىق كىشىلەرنى قانچىلىك يېتىشتۈرگەنلىكىنىڭ بىر تەرىپى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە بىز چاغاتاي مائارىپىنىڭ يادروسى بولغان قەشقەردىكى «مەسئۇدىيە» ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كېيىنكى ئەۋلاتلار ئۈچۈن يەتكۈزگەن مىراس مۆلىرىنى يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ ئۆگىنىپ كۆرىدىغان بولساق، ئۇنىڭ پارلاق نەمۇنىلىرى كۆز ئالدىمىزدا تېخىمۇ جانلىق نامايەن بولىدۇ.

بىزيۇقۇرىدا قەيت قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، «مەسئۇدىيە» ئۇنىۋېرسىتېتىدا تۈرلۈك جايلاردىن مىڭلىغان تالىپلار كېلىپ بىلىم ئالاتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كەشمىر ۋە لاھۇردىن، بەزىلىرى بالاساغۇن ۋە قىپچاق داللىرىدىن، بەزىلىرى خوراساندىن ھەمدە تارىم بويلىرىدىكى تۈرلۈك شەھەر - يېزىلاردىن ۋە ئىلى دەريا ۋادىسىدىن كېلىپ مەكتەپتە قونۇپ ئوقۇيتتى. ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەر ئىچىدە نۇرغۇن كىشىلەر ئاتاغلىق شائىر ۋە ئالىملاردىن بولۇپ تونۇلۇپ، تۈرلۈك جايلاردا ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە خوراساندا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن ۋە پۈتۈن ئۆمرىنى مائارىپ ئۈچۈن بېغىشلاپ چوڭ نەتىجە بىلەن ئابروي قازانغان سەئىد قەشقىرى، مەۋلانا ئەبەيدۇللا لۇتفى قاتارلىقلار بار. سەئىد قەشقىرى خوراساندا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىشلەپ كۆپ ئالىملارنى يېتىشتۈرگەن. مەشھۇر پارس شائىرى ئابدۇراخمان جامى (1414 — 1492) ھەم سەئىد قەشقىرىنىڭ شاگىرتلىرىدىن بىرى ئىدى.

چاغاتاي ئەۋلاتلىرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئۇيغۇر مائارىپى ئۈچۈن ئىنتايىن چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن مائارىپپەرۋەر يازغۇچى مەۋلانا ئەبەيدۇللالۇتفى (1366 — 1465) بىلەن ئەلىشىر ناۋايى (1441 — 1501) مائارىپ تارىخىمىزدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

لۇتفى ئىستىداتلىق يازغۇچى بولۇپلا قالماي، يەنە نوپۇزلۇق مائارىپچى ئىدى. شۇڭا كىشىلەر ئۇنى "پاساھەتلىك ئەدىپ" ھەم "ئېزىز - تەۋەررۈك زات" دەپ قوش ئۇنۋان بىلەن ھۆرمەتلەيتتى. ئەلىشىر ناۋايى ئۇنى "مەلىكۇل كالام" (سۆز پادىشاسى) ۋە "تەۋەررۈك ئۇستاز" دەپ مەدھىيىلىگەن.

لۇتفى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىغا بېرىپ چوڭ مەكتەپلەردە لېكسىيە سۆزلىگەن. ئەدەبىيات نەزىرىيىسى، پارس، ئەرەپ تىل گىراماتىكىسىدىن دەرس ئۆتكەن. ئۇ، 20 دىن ئارتۇق ئەسەر يازغان. ئۇنىڭ 2400 مىسرادىن ئارتۇق كېلىدىغان «گۈل ۋە نورۇز» ناملىق داستانى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا ئاساس تىكلەپ بەرگەن. لۇتفىنىڭ پارس تىلىدا يازغان شېرى

ئەسەرلىرى ئىران تىلى سىستېمىسىدىكى خەلقلەر ئىچىدىمۇ چوڭ شوھرەت قازانغان. لۇتفى يەنە تومۇرلەڭ (ئاقساق تومۇر) ھەققىدە يېزىلغان «زەپەر نامە» ناملىق ئەسەرنى پارسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان.

ئاتاغلىق شائىر ئەلىشىر ناۋايى بولسا ئۇيغۇر مائارىپى ۋە شېئرىيىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن مۇتەپەككۇر ۋە كىلاسسىك يازغۇچى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىلاسسىك مۇزىكىسى — 12 مۇقامنىڭ مۇتلەق كوپ ساندىكى مۇقام كۇيلىرى ئەلىشىر ناۋيىنىڭ شېئر تېكىستلىرىگە سېلىنغان.

ناۋايىنىڭ تاللانغان شېئرلار توپلىمى — «ناۋايى» ناملىق دەرسلىك كىتاپ ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە رەسمى ئوقۇشلۇق بولۇپ كەلگەن ئىدى. ناۋايىنىڭ «خەمسە ناۋايى» ھەم «چاردىۋان» قاتارلىق يىرىك داستان ۋە شېئرىي ئەسەرلىرى، شۇنىڭدەك يەنە بىر قانچە پەلسەپىۋى ئەسەرلىرى بار. ئۇ، بۇ ئەسەرلىرىدە ئىلىم ـ مەرىپەتنى، ھەققانىيەتنى، ئادالەتپەرۋەرلىكنى كۇيلىگەن. ئەمگەكنى ۋە ئەمگەكچى خەلقنى مەدھىيىلىگەن.

ناۋايى ئىلىم ـ مەرىپەت توغرىسىدا مۇنداق دېگەن ئىدى:

ئىلىمدىن ئارى ئۇلۇسنىڭ خۇدكامەسى،
ئورگۇنۇرگە جىد ـ جىھىد ئەتكەن جاھان ئەللامەسى.

ئۇ، ھەقىقەت توغرىسىدا مۇنداق يازىدۇ:

چىراقنى ھەق ياندۇردى، كويدى،
ئۇنى كىم پۇپ دىدى، ساقىلى كويدى.

ناۋايى خەلقپەرۋەرلىك توغرىسىدا مۇنداق يازىدۇ:

ئادەمى ئەرسەدىمىگىن ئادەمى،
نىچۇك يوق ئۇنىڭ خەلق غېمىدىن غەمى.

...........

يۇز جاپا قىلسا ماڭا بىر قەتلە پەريات ئەيلەرەم،
ئەلگە قىلسا بىر جاپا يۇز قەتلە پەريات ئەيلەرەم.

ئەلىشىر ناۋايىنىڭ دىداكتىك (تەلىم ـ تەربىيە ۋە پەندى نەسىھەت) مەزمۇنىدىكى ھېكمەتلىك شېئرلىرى ئىنتايىن كوپ بولۇپ، كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر تەسىر كورسەتكەن:

△ توقلۇك ھىرسىن كوڭۇلدىن يوق قىل،
ئوزۇڭ ئاچ بولۇپ، بىر ئاچنى توق قىل.

△ لىباس ھەر نەچچىكىم زىبادۇر،
كەيگىنىڭدىن كەيدۇرگىنىڭ ئەلادۇر.

△ قانچىكى تونىنى ئاياش بىرلا كەيسەڭ ئەسكىرۇر.
ئەگەر كەيدۇردۇڭ يالاڭغا، ئۇپرىماس تون شۇ ئىرۇر.

......

(داۋامى بار)

# مائارىپ قانۇنىيىتى قايسى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ

پېداگوگىكا، مائارىپ ئىجتىمائىشۇناسلىقى، مائارىپ ئىختىساتشۇناسلىقى ۋە مائارىپ پسىخولوگىيىسى قاتارلىقلار مائارىپ قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەنلەردۇر.

مائارىپ قانۇنىيىتى (ئوقۇتۇش قانۇنىيىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دىگىنىمىز، مائارىپ خىزمىتىدىكى ھەرقايسى شەيئىلەر ئارىسىدىكى ماھىيەتلىك باغلىنىشتىن ئىبارەت. ئۇ ھەم ئادەتتىكى قانۇنىيەتكە ھەم ئالاھىدە قانۇنىيەتكە ئىگە، شۇنداقلا بەزى چوڭراق جەھەتتىكى ئومۇمى قانۇنىيەت ئاستىدا يەنە بەزى كىچىكرەك جەھەتتىكى قانۇنىيەتلەرگىمۇ ئىگە.

مائارىپنىڭ ئاساسىي قانۇنىيىتى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

1 . مائارىپ بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ مۇناسىۋىتى جەھەتتە: ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى مائارىپنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدۇ. مائارىپ بولسا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ؛ سىياسىي - ئىقتىسات مائارىپنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەيدۇ، مائارىپ سىياسىي - ئىقتىساتقا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، پارتىيە ۋە دۆلىتىمىز مائارىپنى تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم نۇقتىلارنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇپ، مائارىپتا ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشقا مەبلەغ سېلىشقا ئېتىۋار بەرمەكتە. ئىلگىرى بىر مەزگىل، بۇ قانۇنىيەتكە ئەمەل قىلىنمىغىنى ئۈچۈن، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن خەلق ئىگىلىكىنىڭ نىسبىتى بۇزۇلۇپ كەتتى.

2 . مائارىپ بىلەن ئادەمنىڭ تەرەققىياتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت جەھەتتە: ئادەمنىڭ تەرەققىياتىدا ئىرسىيەتلىك سۈپەت تەبىئى ماددى ئاساس بولۇپ، مۇھىم تەسىر كۆرسىتىش رولىغا ئىگە، مائارىپ بولسا، ئاساسىي يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ. مائارىپ ئادەمنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىدىكى ئادەتتىكى قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ساغلام تەرەققى قىلىشىدىكى ياش ئالاھىدىلىكىگە ۋە ئايرىم پەرقلىرىگە ئېتىۋار بېرىشى كېرەك. نۇرغۇن مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىشى، ئۇلارنىڭ مۇشۇ قانۇنىيەتكە ئوبدان ئەمەل قىلالىغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ.

ئوقۇتۇش قانۇنىيىتى جەھەتتە:

1 . ئوقۇتۇش جەريانىدىكى ھەرقايسى ئامىللارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىدىن قارىغاندا، ئاساسەن: 1) ئوقۇتۇش جەريانى بىر خىل ئالاھىدە بىلىش جەريانى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىمى بىۋاستە تەجرىبىدىنلا ئەمەس، بەلكى ۋاستىلىق تەجرىبىلەر يەنى كىتاۋى بىلىملەردىن كېلىشىنى ئاساس قىلىدۇ. 2) ئەقلىي قابىلىيەت بىلىم ئۆگىنىش ئاساسىدا تەرەققى قىلدۇرۇلىدۇ، ئەقلىي قابىلىيەتنى نۇقتىلىق تەرەققى قىلدۇرۇش يېتەكچىلىكىدە بىلىم ئۆگىتىلىدۇ. 3) بىلىم بېرىش ئاساسىدا ئىدىيىۋى تەربىيە ئېلىپ بېرىلىپ، تەلىم - تەربىيە بىرلىكە سىڭدۈرۈلىدۇ. 4) ئوقۇتۇش جەريانىدا ئوقۇتقۇچىنىڭ ئاساسىي يېتەكچىلىك رولى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەشەببۇسكارلىقى بىرلەشتۈرۈلگەن ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن بولىدۇ.

( ئاخىرى 84 - بەتتە )

# “مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى”، “مۇستەھكەملىنىش نىسبىتى” ۋە “مەكتەپ پۈتتۈرۈش نىسبىتى” دىگەن نىمە

بەزى يولداشلار: “مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى”، “مۇستەھكەملىنىش نىسبىتى” ۋە “مەكتەپ پۈتتۈرۈش نىسبىتى” دىگەن نىمە؟ قانداق ئۆلچەمگە يەتسە ئاندىن باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى ئومۇملاشتۇرۇلغان بولىدۇ، دەپ سورىشىدۇ. يۇقۇرىدىكى مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەرگە ئاساسەن، بۇ مەسىلىگە تۆۋەندىكىدەك جاۋاپ بېرىشكە بولىدۇ:

ئاساسەن مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى، مۇستەھكەملىنىش نىسبىتى ۋە مەكتەپ پۈتتۈرۈش نىسبىتىنى نەزەردە تۇتۇش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەمەلىي ئومۇملىشىش نىسبىتىنى تەكشۈرۈش — باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى ئاساسىي ئۆلچىمىدۇر. ئۇنداق بولسا مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى، مۇستەھكەملىنىش نىسبىتى ۋە مەكتەپ پۈتتۈرۈش نىسبىتى دىگەن نىمە؟

“مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى” مەكتەپكە كىرگەن مەكتەپ يېشىدىكى (7 — 11 ياش) بالىلارنىڭ مەكتەپ يېشىدىكى بالىلارنىڭ ئومۇمى سانىدا تۇتقان نىسبىتىگە قارىتا ئېيتىلغان. مەسىلەن: ئوقۇتۇش تەۋەلىكىمىزدە، 7 ياشتىن 11 ياشقىچە بولغان بالىلار 150 نەپەر بولۇپ ئۇنىڭ مەكتەپ قوينىغا كىرگىنى 143 بولسا “مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى” 95% بولغان بولىدۇ.

“مۇستەھكەملىنىش نىسبىتى” مۇنداق ئىككى قاتلام مەنىگە ئىگە: ئۇنىڭ بىرى، يىللىق مۇستەھكەملىنىش نىسبىتى، يەنى ئۇ ئوقۇش يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانىنىڭ ئوقۇش يىلىنىڭ بېشىدىكى ئوقۇغۇچىلار سانىغا بولغان نىسبىتىنى كۆرسىتىدۇ؛ ئىككىنچىسى، مەكتەپ پۈتتۈرۈشتىكى مۇستەھكەملىنىش نىسبىتى، يەنى مەكتەپ يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن، ئوقۇشنى باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈش يىل چەكلىمىسىگىچە داۋاملاشتۇرۇپ مەكتەپ پۈتتۈرگەنلەر سانىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، “مۇستەھكەملىنىش نىسبىتى” نى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن جاپالىق، ئىنچىكە خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تەشۋىق قىلىش، تەلىم - تەربىيە سۈپىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش، ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ يېقىندىن ماسلىشىشىنى قولغا كەلتۈرۈش، شۇ جاينىڭ ئەمەلىيىتى ۋە ئادەم ئەھۋالىغا قاراپ مەكتەپ باشقۇرۇش ۋە ئوقۇتۇش شەكىللىرىنى قوللىنىش، ئىلغارلارنى مۇكاپاتلاش قاتارلىقلار. ئومۇمەن، مەكتەپ يېشىدىكى بالىلار مەكتەپكە كىرەلىشى، تۇراقلىشىشى ۋە ئوبدان ئوقۇيالىشى كېرەك.

“مەكتەپ پۈتتۈرۈش نىسبىتى” دىگەن نىمە؟ “مەكتەپ پۈتتۈرۈش نىسبىتى” يەنە “مەكتەپ پۈتتۈرۈش لاياقەتلىك نىسبىتى” دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەندە ئەخلاقىي، ئەقلىي ۋە جىسمانى جەھەتلەردىن ئاساسىي جەھەتتىن يېتىش تەلەپ

قىلىنغان مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار سانى-
نىڭ شۇ قېتىم مەكتەپ پۈتتۈرگەن سىنىپنىڭ
ئوقۇغۇچىلار ئومۇمى سانىدا تۇتقان نىسبىتىنى
كورسىتىدۇ. مەكتەپ پۈتتۈرۈش نىسبىتى مەك-
تەپكە كوچۈش نىسبىتى ئەمەس، ئۆگىنىش
نەتىجىسىنىڭ مەكتەپ پۈتتۈرۈش تەلىۋىگە
يەتكەن - يەتمىگەنلىكىدە تولۇقسىز ئوتتۇرا
مەكتەپكە چىقىش ئىمتىھانى ئاساس قىلىنماي،
بەلكى مەكتەپ پۈتتۈرۈش ئىمتىھانى ۋە ئادەت-
تىكى تەكشۈرۈش ئاساس قىلىنىشى كېرەك.
ئەخلاقىي، ئەقلىي ۋە جىسمانى جەھەتلەردىن
ئەتراپلىق ئولچىنىشى، بىرەر قېتىملىق ئىمتى-
ھان نەتىجىسىگە قارىلىپ قالماسلىقى كېرەك.
ئوقۇتۇش ئۈنۈمىنى ئۇستۇرۇش ھەمدە ئاساسى
جەھەتتىن يېتىشىش تەلەپ قىلىنغان ئاساستا
تەدرىجى ئوسۇشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن
ئوخشىمىغان قاتلام ۋە ئولچەمگە ئىگە بولغان
پۈتۈن كۈنلۈك باشلانغۇچ مەكتەپلەر ۋە ئادەت-
تىكىچە بولغان باشلانغۇچ مەكتەپلەردە تەسىس
قىلىنغان دەرسلەردە ۋە ئوقۇتۇشتا ئوخشاش
بولمىغان تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقىمۇ
بولىدۇ. مەكتەپ پۈتتۈرۈشتە ئىمتىھان ئېلىنى-
دىغان دەرسلەر ۋە ئىمتىھان سوئاللىرىدىمۇ
ئوخشاش تەلەپ قويۇلماسلىقى، غەيرى ۋە قى-
يىن سوئاللار چىقىرىلماسلىقى كېرەك.

ئولكىمىزنىڭ "ئۈچ نىسبەت" كە قويغان
تەلىۋى: ئوقۇش يېشىدىكى باللارنىڭ مەكتەپ-
كە كىرىش نىسبىتى 95% تىن يۇقۇرى بولۇش؛
مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇستەھكەملىنىش
نىسبىتى 97% تىن يۇقۇرى بولۇش؛ مەكتەپكە
كىرگەن ئوقۇش يېشىدىكى باللارنىڭ باشلان-
غۇچ مەكتەپنى ئوقۇپ پۈتتۈرۈش يىل چەكلى-
مىسىنى داۋاملاشتۇرغانلىرى 85% تىن يۇقۇرى
بولۇشتىن ئىبارەت.

(«جياڭشى مائارىپى» دىن ئېلىندى)

( بېشى 82 - بەتتە )

2 . ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم ئىگەللەشتىكى
ئاساسىي ھالقىلىرىدىن قارىغاندا، ئوقۇتۇش
جەريانى ئوقۇتۇش مۇددىئاسىنى جەلپ قىلىش-
بىلىمنى چۈشىنىش (دەرسلىكنى ھىسسى بىلىش-
تىن ئەقلىي بىلىشكە ئوتۇش) — بىلىمنى
مۇستەھكەملەش — بىلىمنى ئىشلىتىشتىن ئىبا-
رەت مۇكەممەل جەرياندۇر. ئوقۇتۇش پىرىن-
سىپى بىلەن ئوقۇتۇش ئۇسۇلىغا كەلسەك، بۇ-
لارنىڭ ھەممىسى ئوقۇتۇش جەريانىدىكى ئاسا-
سىي قانۇنىيەتلەرگە ئاساسەن تۈزۈلگەن، ئو-
قۇتقۇچىلار ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ ئونىڭ-
دىن جانلىق پايدىلىنىشى، ئوقۇتۇش ئۈنۈمى-
نى ئۇستۇرۇشى كېرەك.

بەزى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائارىپ نەزىرىيە-
سىنى ئۆگىنىشى يېتەرلىك بولمىغىنى ئۈچۈن،
نۆۋەتتىكى ئوقۇتۇش خىزمىتىدە مائارىپ قانۇنى-
يىتىگە خىلاپ بەزى ئەھۋاللار ساقلىنىپ
كەلمەكتە. مەسىلەن، ئىدىيىۋى - سىياسى تەر-
بىيىگە سەل قاراش، دەرسخانىدا قۇيۇپ قو-
يۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىش، بىلىم بېرىشكىلا
ئېتىۋار بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقلىي قابىلى-
يىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ تەشەببۇس-
كارلىق رولىنى يېتىشتۇرۇشكە سەل قاراش،
ئۈزۈلدۈرمەستىن ئىمتىھان ئېلىش، تاپشۇرۇق-
نى ھەددىدىن ئارتۇق ئورۇنلاشتۇرۇش، ئوقۇ-
غۇچىلارنىڭ سالامەتلىكى بىلەن ھىساپلاشما-
سلىق؛ ئوقۇتۇشتا ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەش،
ئوبىكتىغا قاراپ ئوقۇتۇش ئېلىپ بارماسلىق
ۋە باشقىلار. تەلىم - تەربىيە ۋە ئوقۇتۇش
سۈپىتىنى ئۇستۇرۇش ئۈچۈن، ھەربىر ئوقۇت-
قۇچىمۇ مائارىپ ئىلمىگە ئائىت نەزىرىيىلەرنى
ئۆگىنىشنى كۈچەيتىشى، ئاڭلىق ھالدا ئوبىك-
تىپ قانۇنىيەت بويىچە ئىش كورۇشى كېرەك.

(«جياڭشى مائارىپى»دىن ئېلىندى)



# پەيزىۋات ناھىيىسىنىڭ شاپتۇل گۈڭشېسى مائارىپ خىزمىتى ئۈچۈن 51 مىڭ يۈەن ياردەم قىلدى

تۇختى ئاۋۇت

پەيزىۋات ناھىيىسىنىڭ 10 باشلانغۇچ مەكتىۋىدە جەمى 1980 ئوقۇغۇچى بولۇپ، ئۇلار 23 ئوقۇش نۇقتىسىدا ئوقۇيدۇ. ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، بەزى ئائىلە باشلىقلىرى ئىشلەپچىقىرىشنىلا كۆزدە تۇتۇپ ياكى ئوقۇش ئەسقاتمايدۇ دەپ قاراپ، بالىلىرىنى مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىپ، ئائىلە ئىشلىرىغا سالغان، بەزىلىرى بالىلىرىنى دىنى مەكتەپلەرگە بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن ئوقۇش ئىشلىرىنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىغا تەسىر يەتكەن ئىدى. گۈڭشې پارتكومى مۇشۇنداق ئەھۋاللارغا ئاساسەن، مائارىپ خىزمىتىنى ئۆزىنىڭ كۈندىلىك خىزمەت كۈن تەرتىۋىگە كىرگۈزدى. گۈڭشېدىن تارتىپ ھەرقايسى ئىشلەپچىقىرىش دۇيلىرىگە قەدەر مائارىپقا مەسئۇل كادىرلارنى بېكىتىپ، ئۇلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى. دادۇي ۋە دۇي كادىرلىرىدىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ داۋامسىزلىق ئەھۋالىنى تۈزىتىشنى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلدى، شۇنداقلا مەسئۇلىيىتىنى ئەمىلىلەشتۈردى. دادۇي پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىرى ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم مەكتەپلەرگە بېرىپ، ئومۇمى ئەھۋالنى ئىگەللىدى، سىنىپلارغا كىرىپ دەرس ئاڭلاپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس ئۆزلەشتۈرۈش، كېلىپ - كېتىش ئەھۋالىنى كۆزەتتى. قايسى مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كېلىش نىسبىتى تۆۋەن بولسا، مائارىپقا مەسئۇل گۈڭشې رەھبىرى شۇ مەكتەپ ئورۇنلاشقان دادۇينىڭ پارتىيە ياچېيكا شۇجىسىنى تۇتتى، دادۇي شۇجىسى ھەرقايسى دۇيلەرنىڭ مەسئۇللىرىنى تۇتتى، دۇي مەسئۇللىرى بالىلىرىنى مەكتەپكە ئەۋەتمىگەن ئائىلە باشلىقلىرىغا تەربىيە بېرىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە تولۇق بېرىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. ھەرقايسى دادۇي ۋە مەكتەپلەر بىرلىكتە ئاتا - ئانىلار يىغىنى ئېچىپ، سۆھبەتلىشىش، چۈشەندۈرۈش، ھەيدەكچىلىك قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئوقۇشتىن چېكىنگەن بالىلارنى مەكتەپكە قايتۇرۇپ كەلدى. مائارىپ خىزمىتىگە كۆڭۈل بولگەن كادىرلار ۋە ئائىلە باشلىقلىرىنى ھەر مەۋسۇمدا مۇكاپاتلىدى.

گۈڭشې پارتكومى يەنە 1983- يىل 5- ئاينىڭ 20- كۈنى دادۇيدىن يۇقۇرى دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىنى ئېچىپ، گۈڭشې بويىچە 22 دادۇيدىن 51 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش، رېمونت قىلىش ئىشلىرىغا ياردەم بېرىشنى ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى، 5- ئاينىڭ 30- كۈنىگىچە ھەر قايسى دادۇيلەر مەكتەپلەرگە جەمى 4 مىڭ 846 يۈەن نەق پۇل، 192 تال ياغاچ بەردى. مەكتەپلەرگە 220 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى چېگرا تېمى ياساپ بەردى. 734

( ئاخىرى 89 - بەتتە)

# ئىرىشچانلىق ـ ئىقتىسادچىللىق بىلەن باشقۇرۇلىۋاتقان جايتېرەك ئوتتۇرا مەكتىۋى

ئىدرىس قادىر

(قاغىلىق ناھىيىلىك مائارىپ بۆلۈمىدىن)

قاغىلىق ناھىيىسىدىكى جايتېرەك كۆكچى ئوتتۇرا مەكتىۋى 1959 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ چاغدا مەكتەپنىڭ ئىچى ـ تېشى دەل ـ دەرەخسىز، قاقاسلىق ئىدى. مەكتەپ مۇدىرى، كوممۇنىست ساۋىر ئىمىن مەكتەپنى باغۋارانلاشتۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، كەڭ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭغا قىزغىن ئاۋاز قوشتى. لېكىن ئۇ چاغدا مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش راسخوتىدىن باشقا ئىقتىسادى يوق ئىدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن ئەمەلىي ئەھۋالنى چىقىش قىلىپ ئۈرۈك، شاپتۇل، جىگدە قاتارلىقلارنىڭ ئۇرۇقلىرىنى يىغىپ تېرىدى، قەلەمچە تىكتى، يەنە بىر تەرەپتىن ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئۆز يانلىرىدىن يىغىش قىلىپ بىر قىسىم كۆچەتلەرنى سېتىۋالدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار مەكتەپ رەھبەرلىكىنىڭ باشلامچىلىقىدا، بىردەك ھەركەتكە كېلىپ پىلانلىق تۈردە كۆكەرتىش ئىشىنى باشلىۋەتتى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن جىرىم ـ كۆچەتلەر چوڭىيىپ، باراقسان بولدى. لېكىن ئۇلار بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالماي، 1967 ـ يىلدىن ئېتىۋارەن تەكلىماكان چۆلىگە قاراپ 16 كىلومېتىر ئىچكىرىلەپ، قارا كوتەك دىگەن جايدىن 500 مو بىنام ئېچىپ، 3 كىلومېتىر ئۆستەڭ چاپتى، 5 كىلومېتىر يول ياساپ، بىر دىخانچىلىق مەيدانى بەرپا قىلدى. ئېرىق ـ ئۆستەڭ، يول بويلىرىغا ئۈژمە، سوگەت، جىگدە تىكتى؛ مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا باغ ئورنى تەييارلاپ، ئۈرۈك، شاپتۇل، ئالما، ئانار، ئەنجۈر، ئۈزۈمتال سالدى. ئەتىياز ۋە كۈز پەسلىدە تىكىش بىلەن پەرۋىش قىلىشنى ئالاھىدە چىڭ تۇتتى. شۇنىڭدەك بۇ جەھەتتە بىرقاتار تۈزۈملەرنى ئورناتتى. مەكتەپ ئىچىدىكى دەل ـ دەرەخلەرنى سىنىپلارغا ھۆددە بېرىش، سىنىپلار شەخسلەرگە ھۆددە بېرىش، بىنامدىكى ئورماننى ئىشچىلارغا ھۆددە بېرىش، ھەر بىر ئائىلە ئۆز ئىشىكى ئالدىدىكى دەل ـ دەرەخلەرگە مەسئۇل بولۇش، يىلدا بىر قېتىم تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشنى، ھەر بىر سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى يىلىغا 500 تۈپتىن 1000 تۈپكىچە جىرىمنى تۇتتۇرۇشنى يولغا قويدى.

بۇ مەكتەپ باغ ـ ئورمانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا، 22 مىڭ تۈپ (مەكتەپ ئىچىدە 5 مىڭ تۈپ، بىنامدا 17 مىڭ تۈپ) مېۋىسىز دەرەخ ئۆستۈرگەن ئىدى. ئۇنىڭدىن $110m^3$ ئەتراپىدا ياغاچ ماتېرىيالى ئېلىپ، مەكتەپ ئىچىگە 3 كورپۇس ($120m^3$) ئوقۇتۇش بىناسى ۋە ئامبار سالدى. بىنامغا 30 ئېغىزلىق ئىشخانا، ياتاق، سىنىپ، ئاشخانا، ئولتۇراق ئۆي سالدى. شۇنىڭدەك بىنامغا بارىدىغان يولدىكى ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرگە 6 كوۋرۈك ياسىدى. ئىشخانا سايمانلىرى، دەرسخانا

جۇزا - بەندىڭلىرى، تەنتەربىيە سايمانلىرى، ئامبار ۋە ئاشخانىنىڭ ياغاچ مۈلۈكلىرىنى ياساپ، ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلىدى. باغدىكى ۋە مەكتەپ ئىچىدىكى 2 مىڭ 500 تۈپتىن ئارتۇق 20 خىل مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى تولۇق مېۋىگە كىردى. مەكتەپ ئىچىدىكى دەل - دەرەخلەر سايە - سالقىن ۋە گۈزەل مەنزىرە ھاسىل قىلغان بولسا، بىنامىدىكى دەرەخلەر تەكلىماكان چۆلى تەرەپتىن ئېقىپ كېلىدىغان قۇملارنى تىزگىنلەپ، تېرىلغان بۇغداي، قوناق، مايلىقدان، قوغۇن - تاۋۇز، سەي - كوكتاتلارنى زىيان - زەخمەتتىن مۇھاپىزەت قىلدى.

ئۇلار مۇشۇ ئاساستا، چارۋىچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللاندى. ھازىر مەكتەپ ئىگىدارچىلىقىدا 115 قوي، 45 تۇياق كالا، 14 دانە ئېشەك، 4 دانە خېچىر بار. چارۋا ماللار ئۈچۈن دەل - دەرەخلەرنىڭ غازاڭلىرى، زىرائەتلەرنىڭ شاخ - شۇمبىلىرى يەم - خەشەك بولدى. چارۋا ماللارنىڭ كوپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئوغۇت مەنبەسىمۇ كېڭەيدى. دىخانچىلىق مەھسۇلاتلىرى يىلمۇ - يىل ئېشىپ باردى. بۇ مەكتەپ 1967 - يىلدىن بۇيانقى 14 يىل جەريانىدا ئوقۇتۇشنى ئاساس قىلىش شەرتى ئاستىدا، ئورمانچىلىق ئاساسىي كەۋدە قىلىنغان قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشتىن 214 مىڭ 10 يۈەن كىرىم قىلدى. 842 مىڭ جىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىپ، ئۇنىڭدىن 109 مىڭ جىڭ ئاشلىقنى دۆلەتكە سېتىپ بەردى. ئورمانلارنىڭ ئارىسىغا، ئېرىق ۋە يول بويلىرىغا، قىر - ئىگىزلەرگە تېرىلغان مايلىقداندىن 52 مىڭ 300 جىڭ مەھسۇلات ئالدى. بۇ كىرىملەر بىلەن بىر ”جېيفاڭ“ ماركىلىق ئاپتوموبىل، بىر ئۈن زاۋۇدى، بىر توك تۈگمىنى، 2 دانە دېزىل موتۇرى، 2 دانە ئېلېكتىر موتۇر، بىر ئات ھارۋىسى، 3 دانە مىكرافون، بىر دانە ئۈنئالغۇ، بىر دانە رەسىم ئاپاراتى، بىر دانە كىيىم تىكىش ماشىنىسى، بىر يۈرۈش دىخانچىلىق سايمانلىرى، سەنئەت ۋە تەنتەربىيە سايمانلىرى ۋە كىيىم - كېچەكلىرى سېتىۋېلىپ، ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلاندى. 2 ناۋايخانا ۋە بىر ئاشخانا ئېچىپ، قوشۇمچە كىرىمنىڭ دائىرىسىنى بارغانسېرى كېڭەيتتى. 20 كارۋاتلىق مېھمانخانا ئاچتى. يەنە 4 يىلدىن بۇيان ئوقۇغۇچىلارنى دەرسلىك كىتاب بىلەن ھەقسىز تەمىنلىدى. قىيىنچىلىقى بار بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارغا دەپتەر - قەلەم، كىيىم - كېچەك ئېلىپ بەردى. ھەر يىلى قۇربان ھېيت ھارپىسىدا ھەر بىر ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچى - ئىشچى ئائىلىسىگە 50 جىڭدىن ئاق ئۇن، 5 جىڭدىن سۈيۈيېغى، بىر تۇياقتىن قوي، 200 كىلوگىرامدىن قوغۇن - تاۋۇز قاتارلىقلارنى يېرىم باھادا سېتىپ بەردى. ئولۇم - يېتىم، توي - توكۈن ۋە جىددىي قىيىنچىلىق بولغاندا ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلدى. يېقىلغۇ مەسىلىسىنى تولۇق ھەل قىلىپ بەردى. ئوقۇتقۇچىلار ۋە بۇلارنىڭ بالا - چاقىلىرى ھەم ئوقۇغۇچىلار ھەر يىلى 5 - ئايدا ئۈژمە پىشقاندىن تارتىپ كۈزلۈك مېۋە ئاياقلاشقىچە مەكتەپنىڭ مېۋىلىرىدىن ھەقسىز بەھرىمەن بولدى. سۈت - قېتىقمۇ يېتەرلىك بولدى. بۇنداق باياشاتلىقتىن ھوزۇرلانغان ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار پارتىيىدىن مىننەتدار بولۇپ، مەكتەپنى قىزغىن سۆيۈپ، ئاكتىپ ئىشلىدى ۋە تىرىشىپ ئۆگەندى.

بۇ مەكتەپ ئوقۇتۇش خىزمىتىنى ئوقۇتۇش پۇروگىراممىسىنىڭ تەلىۋى بويىچە پىلانلىق يولغا قويدى. تىرىشچانلىق - ئىقتىساتچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، نەزىرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى، تەلىم - تەربىيە بىلەن ئەمگەكنى بىرلەشتۈرۈشنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى. ئەمەلىي ئېھتىياجغا ئاساسەن، بىر قىسىم ئىشچى قوبۇل قىلىپ، ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك، دىخانچىلىق ئىشلىرىنى ئاسا-

سەن شۇلار ئارقىلىق باشقۇردى. ئوقۇغۇچىلار
بولسا، ئەتىيازلىق ۋە كۈزلۈك ئورمان بەرپا
قىلىش، يىغىم - تېرىم مەزگىلىدە (بىرىلىلىق
ئەمگەك ۋاقتى 15 كۈندىن ئېشىپ كەتمەسلىك
شەرتى ئاستىدا) قوشۇمچە ئەمگەكلەرگە قاتناش-
تى. ئەمگەك ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا ئەمگەك
تەربىيىسى بېرىلدى. ئۇلار ئەمگەك جەريانىدا
بوتانىكا دەرس ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە پېشقەدەم
باغۋەنچىلەرنىڭ ياردىمىدە مېۋىلىك دەرەخلەر-
نى تىكىش، ئوستۇرۇش، ئۇلاش، پەرۋىش
قىلىش، مېۋىلەرنى ساقلاش قاتارلىق تېخنىكى-
لىق بىلىملەرنى ئۆگىنىۋالدى. نەزەر دائىرى-
سى كېڭەيدى. بۇ مەكتەپ 1964 - يىلدىن بۇ-
يان ناھىيە بويىچە ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئوس-
تۇرۇشتە ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپ كەلدى. ئو-
قۇتۇش جەھەتتىكى نەتىجىلىرى كورۇنەرلىك
بولدى. ۋىلايەت ۋە ناھىيە بويىچە بىر قانچە
قېتىم تەقدىرلەندى. مەكتەپ قۇرۇلغاندىن ئېتى-
ۋارەن 2 مىڭ 960 نەپەر (تولۇق ئوتتۇرىدىن
403 نەپەر، تولۇقسىزدىن 2 مىڭ 557 نەپەر)
ئوقۇغۇچىنى تەربىيىلەپ چىقتى. 1977 - يىل-
دىن بۇيان 33 نەپەر ئوقۇغۇچىنى ئالى مەك-
تەپ ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوملارغا ئو-
قۇشقا ئېۋەتتى. ئۇلارنى (مەكتەپكە قوشقان
تۆھپىسىگە ئاساسەن) 50 يۈەندىن 30 يۈەنگىچە
پۇل بىلەن ئۇزىتىپ قويدى. بۇ مەكتەپتە ئو-
قۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن 3 نەپىرى
گۇڭشېنىڭ مەسئۇل كادىرى، 153 نەپىرى ئا-
دەتتىكى كادىر ۋە ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەك-
تەپ ئوقۇتقۇچىلىرى، 30 نەپىرى دادۇي پار-
تىيە ياچېيكىلىرىنىڭ شۇجىسى، 45 نەپىرى
ئىتتىپاق ياچېيكا شۇجىسى، 98 نەپىرى كارخا-
نا خىزمەتچىسى، 72 نەپىرى يېزا ئىگىلىك
ۋە ئورمانچىلىق تېخنىك تايانچلىرى بولۇپ
ئىشلىمەكتە. ئۇلار ئوخشاش بولمىغان ئىش
ئورۇنلىرىدا ئاكتىپ ئىشلەپ، بىر قىسىملىرى
پارتىيىگە، بىر قىسىملىرى ئىتتىپاققا ئەزا بول-
دى. ئۇلارنىڭ كوپ قىسمى خىزمەت ۋە ئەم-
گەك نەمۇنىچىلىرى بولۇپ، تۆتنى زامانىۋىلاش-
تۇرۇش ئۈچۈن ئۆز ھەسسىلىرىنى قوشماقتا.
1962 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى
ئابدۇسايىت ساۋۇت گۇڭشې باغۋەنچىلىك مەي-
دانى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولغاندىن
كېيىن، مەيداندىكى ھەر مىللەت ئىشچى -
خىزمەتچىلىرىنى زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇلار-
نىڭ ئاكتىپچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، مەيدان
قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى.
شۇنداقلا ئۆزى قول سېلىپ ئىشلەپ، ئالما ۋە
نەشپۈتلەرنىڭ يېڭى سورتىنى يېتىشتۈرۈپ،
قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشتى. يەنە ئوقۇش پۈتتۈر-
گەن ئوقۇغۇچى غۇلام ئالىم قۇمدەڭ 13 - دا-
دۈينىڭ شۇجىسى بولغاندىن كېيىن، ئاممىغا
باشلامچىلىق قىلىپ، خىزمەتنى ئالاھىدە ياخشى
ئىشلەپ، ئىلمىي ئۇسۇلدا ئىش ئېلىپ بېرىپ،
ئىلگىرى قاقاسلىق دەپ ئاتالغان بۇ جاينى
مەنزىرىسى گۈزەل، يەرلىرى مۇنبەت، مەھسۇلا-
تى يۇقىرى، خەلق تۇرمۇشى ياخشىلانغان سوت-
سىيالىستىك يېڭى يېزىغا ئايلاندۇردى.

ھازىر بۇ مەكتەپتىكى 33 نەپەر ئوقۇتقۇچى ۋە
437 نەپەر ئوقۇغۇچى مەكتەپنىڭ تىرىشچانلىق-
ئىقتىساتچىللىق بىلەن ئىگىلىك يارىتىش، ئو-
نى ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن
خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت ياخشى ئەنى-
ئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلماقتا. بۇ يىل كىرگەن-
دىن بۇيان، ئۇلار "5 بولۇش، 4 گۈزەل،
3نى قىزغىن سۆيۈش" پائالىيىتىنى چوڭقۇر
قانات يايدۇرۇپ، ئوقۇش - ئوقۇتۇش ۋەزىپى-
سىنى ياخشى ئورۇنلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا،
ئەتىيازدا مەكتەپتە 37 خىل گۈلنى ئۆز ئىچىگە ئال-
غان بىر گۈللۈك بەرپا قىلدى؛ 5 مىڭ 500
تۈپ سوگەت، 2 مىڭ تۈپ تېرەك قەلەمچىسى-
نى ئوستۇردى؛ 12 مو يەرگە جىگدە ئۇرۇقى
تېرىدى. بۇ مەكتەپ يۇقىرىدىكىدەك نەتىجىلى-
رى بىلەن ئىلغار كوللىكتىپ بولۇپ باھالىنىپ،
يېقىندا ئوتكۈزۈلگەن ئاپتونوم رايونلۇق ئور-
مانچىلىق يىغىنىغا ۋەكىل قاتناشتۇردى.

# مىللىي باللار باغچىلىرى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ تۇنجى قىسقا مۇددەتلىك كۇرسى ئېچىلدى

بالىلار مائارىپى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىش، مىللىي بالىلار باغچىلىرى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش يۈزىسىدىن، مائارىپ نازارىتى بۇ يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭ مائارىپ شۆبىيۇەنىدە مىللىي بالىلار باغچىلىرى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلىنىش كۇرسى ئاچتى، كۇرسقا 42 كىشى قاتناشتى.

بۇ قېتىمقى كۇرسنىڭ ئېچىلىشى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بالىلار مائارىپى تارىخىدا يېڭى بىر ئىش بولۇپ، كۇرستا بالىلار پېداگوگىكىسى، بالىلار پسىخولوگىيىسى، بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش بىلىمى، بالىلار باغچىلىرىدىكى تىل، ھېساپ، ئومۇمىي ساۋات، مۇزىكا، ئۇسۇل، تەنتەربىيە ۋە گۈزەل سەنئەت قاتارلىق دەرسلەرنىڭ مېتودىكا بىلىملىرى ئوتۇلدى.

كۇرس داۋامىدا، كۇرسانتلارنىڭ بالىلار مائارىپىنىڭ "ھۇل تاش" لىق رولىغا بولغان تونۇشى ئۆستى، غەيرىتى ئۇرغىدى. ئۇلار تېخىمۇ يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن تىرىشىپ ئىشلەپ بالىلار مائارىپى خىزمىتى بويىچە تايانچىلاردىن بولۇشقا بەل باغلىدى.

— ئايتۇران

( بېشى 85 - بەتتە )

كۇۋادرات مېتىر كېلىدىغان سىنىپ، ئىشخانىلارنى رېمونت قىلىپ بەردى، 15 يۈرۈش جوزا ياساپ بەردى، ئۇندىن باشقا 200 يۈرۈش جوزىنى رېمونت قىلىپ بەردى. 452 كۇۋادرات مېتىر كېلىدىغان يول، مەيدان ۋە دامبىلارنى كوتەردى. 2 مىڭ خىش قۇيۇپ، 23 ئېغىز ئاسما خالا سېلىپ بەردى. 600 تاغار ئوغۇت ياردەم قىلدى. مەكتەپ ئىشلىرىغا جەمئىي 19 مىڭ 815 يۈەن سەرپ قىلدى.

بۇ كۆكشىنىڭ مائارىپ خىزمىتىگە بولغان يېتەكچىلىكى ياخشى، تەدبىرى كۈچلۈك ۋە ئەمەلىي بولغانلىقتىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ داۋاملىق 94% دىن، بىلىم ئۆزلەشتۈرۈشى 87% دىن تۆۋەن بولمىدى. شۇڭا بۇ كۆكشى مائارىپ خىزمىتىدە 1980- يىلدىن بۇيان ناھىيە بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ، قىزىل بايراقنى ساقلاپ كەلمەكتە. شۇڭا ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى ناھىيە بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان مائارىپ خىزمىتى نەق مەيدان يىغىنىنى شاپتۇل كۆكشىسىدا ئۆتكۈزمەكچى.

△ نەپسانىيەتچىلىك ئۈستىگە قۇرۇلغان بەخت كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ بىردىن - بىر نىشانىسىغا ئايلانغاندا، كىشىلىك تۇرمۇش ئۇزاق ئۆتمەيلا نىشانسىز قالىدۇ.

— رومان


# ياپونىيىنىڭ پەن - تېخنىكىنى گۈللەندۈرۈشتە تۇتقان يولى

1957 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سۈنئىي ھەمرا قويۇپ بېرىشى بىلەن كىشىلەرنىڭ پەن - تېخنىكىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىگە بولغان نەزەر دائىرىسى يەنە بىر قېتىم كېڭەيدى. ياپونىيە تەبىئىي بايلىق جەھەتتىكى يوقسۇللۇقىنىڭ زىيىنىنى تولدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، "ئادەم بايلىقى" نى قېزىش جەھەتتە ئاكتىپ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، پەن - تېخنىكىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى باشقۇرالايدىغان ۋە ئىلمىي ئۇسۇلدا باشقۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان مەخسۇس ئىختىساسلىق خادىملارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرگەن. ياپونىيە 20 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە، 1955 - يىلدىن 1972 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي قىممىتىنى 4 ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشۇرغان. سانائەتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى 8 ھەسسە ئاشۇرغان. ئۇلارنىڭ بۇ نەتىجىلىرى، زامانىۋى پەن - تېخنىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە غايەت زور رول ئوينايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

## 1. زامانىۋىلاشتۇرۇشتا ئەڭ مۇھىم ئامىل بولغان مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىختىساسلىق خادىملارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرگەن

ياپونىيىلىكلەر ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا، ئىقتىساتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا نىسبەتەن ئېيتقاندا تېخنىكىنىڭ مەلىكىلىكى ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ سۈپەتى كاپىتالنىڭ ۋە ئەمگەك كۈچىنىڭ سانىغا قارىغاندا تېخىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ دەپ قارايدۇ. ياپونىيىلىكلەرنىڭ گەرچە تەبىئىي بايلىقى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تېخنىكا كۈچىگە ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىدىن پەخىرلىنىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئىقتىساتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئائىت بارلىق ئىستراتېگىيىلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى ئادەم جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكنى جارى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئاساس ئۈستىگە قويغان.

50 - يىللاردىن بۇيان، ياپونىيە مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىقتىساتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىۋى قىسمىغا كىرگۈزۈپ، ئۇنى پەقەت سان جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى سۈپەت جەھەتتىنمۇ ياۋروپا، ئامېرىكا قىتئەلىرىدىكى دۆلەتلەرگە يەتكۈزۈش ۋە ئۇلاردىن ئۆتكۈزۈۋېتىشنى تەكىتلەپ كەلگەن. ئۇلار مائارىپ راسخودىنى كۆپەيتكەنلىكنى ئىقتىساتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مۇھىم مەبلەغ سالغانلىق دەپ قارىغان. شۇڭا ياپونىيىدە ھەر بىر كىشىنىڭ ئوتتۇرىچە تەربىيە ئېلىش ۋاقتى ئوتتۇرا ياشلىقلارنى ۋە ياشانغانلارنى (25 ياشتىن 64 ياشقىچە



بولغانلارنى) قوشۇپ ھېساپلىغاندا، 9.2 يىل بولۇپ، ئامېرىكا (11.1 يىل) بىلەن ئەنگلىيە (10.2 يىل) دىنلا كېيىن تۇرىدۇ. ئەگەر 25 ياشتىن 34 ياشقىچە بولغانلارنىلا قوشۇپ ھېساپلىغاندا 11.1 يىل بولۇپ، ئامېرىكىدىن قالسا 2 - ئورۇندا تۇرىدۇ. مانا بۇ، ياپونىيىنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىن مائارىپ ئىشلىرىنى شىددەت بىلەن تەرەققى قىلدۇرغانلىقىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

ياپونىيە ھۆكۈمىتى ئۇرۇشتىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىغا قارىماي، 1947 - يىلىلا «مائارىپ ئاساسىي قانۇنى» ۋە «مەكتەپ مائارىپى قانۇنى» نى تۈزۈپ چىقىپ، مەجبۇرى مائارىپنىڭ ۋاقتىنى 6 يىلدىن 9 يىلغا ئۇزارتقان. شۇندىن كېيىن، ئىقتىساتنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە ۋە تەرەققى قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ مائارىپ ئىشلىرى تېخىمۇ تېز تەرەققى قىلغان. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ تەربىيىسىنى كۆرگەن ئوقۇغۇچىلار 1950 - يىلى 42.5% نى ئىگەللىگەن بولسا، 1980 - يىلى 94% كە يەتكەن. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئالىي مەكتەپلەرگە ياكى قىسقا مۇددەتلىك ئالىي مەكتەپلەرگە كىرگەن ئوقۇغۇچىلار 1955 - يىلىدىكى 10% تىن 1980 - يىلىدىكى 39% كە كۆپىيىپ، ئالىي مەكتەپ تەربىيىسىنى كۆرگەنلەر پۈتۈن مەملىكەت ئاھالىسىنىڭ $\frac{1}{3}$ قىسمىنى ئىگەللىگەن. ياپونىيىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىش نىسبىتى 20 يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە 27% ئۆرلىگەن. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 1950 - يىلىدىكى 42.5% تىن 1980 - يىلىدىكى 94% كە ئۆرلىگەن. ياپونىيە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىش نىسبىتى دۇنيا بويىچە 1 - ئورۇندا تۇرىدۇ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە كىرىش نىسبىتى ئامېرىكىدىن قالسىلا 2 - ئورۇندا تۇرىدۇ.

مائارىپنىڭ سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز يۇقۇرى كۆتىرىش ئۈچۈن، ياپونىيە ھۆكۈمىتى ئوقۇتۇش پروگراممىلىرىغا قايتا - قايتا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، ئوقۇتۇش مەزمۇنىنى پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە ئىقتىساتنى تەرەققى قىلدۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ماسلاشتۇرغان، ئۇلار يەنە ئىككى قېتىم «ئۆلچەملىك ئوقۇتۇش ماتىرىياللىرى» نى تۈزۈپ چىقىپ، ئوقۇتۇشتا كېرەكلىك يېڭى تەجرىبە سايمانلارنى ۋە كۆرۈپ، ئاڭلاپ ئۆگىنىدىغان ئوقۇتۇش ماتىرىياللىرىنى پىلانلىق ھالدا تولۇقلىغان؛ تۈرلۈك ئوقۇتقۇچىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئوقۇش تارىخى توغرىسىدا قاتتىق بەلگىلىمىلەرنى چىقارغان ھەمدە ئوقۇتقۇچىلارنى بىلىم ئاشۇرۇشقا ئۇيۇشتۇرغان، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەمىناتىنى ياخشىلىغان.

پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە خەلقنىڭ يېڭى مەدەنىيەتكە بولغان ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن ياپونىيە مائارىپقا سېلىنىدىغان مەبلەغنى ئاكتىپ تۈردە كۆپەيتكەن. 1955 - يىلدىن 1970 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا مائارىپقا سېلىنىدىغان مەبلەغنى 7.1 ھەسسە كۆپەيتكەن. مىللىي دارامەت بولسا 7.3 ھەسسە كۆپەيگەن. دېمەك، مائارىپقا سېلىنىدىغان مەبلەغنىڭ پايدا نىسبىتى ماددىي كاپىتالنىڭ پايدا نىسبىتىدىن يۇقۇرى تۇرىدىكەن.

ياپونىيە ئۇرۇشتىن كېيىن مائارىپقا ناھايىتى نۇرغۇن مەبلەغ ئاجراتقانلىقى ئۈچۈن (1950- يىلدىن 1977 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا مائارىپ راسخودىنى 25 ھەسسە كۆپەيتكەن)، مائارىپ راسخودى ھۆكۈمەت مەمۇرى راسخودىنىڭ 20% تىن كۆپرەكىنى ئىگەللىگەن. شۇڭا مائارىپ ناھا-

يىتى تېز تەرەققىي تاپقان. ياپونىيە 1981 - يىلغىچىلىك ئالىي مەكتەپتىن 433 نى، قىسقا مۇددەتلىك ئالىي مەكتەپتىن 518 نى، ئالىي تېخنىكومىدىن 62 نى قۇرۇپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئومۇمىي سانىنى 1025 كە، بۇ مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانىنى 2 مىليون 140 مىڭغا يەتكۈزگەن. 249 ئالىي مەكتەپتە تەتقىقاتچىلار مەكتىۋى تەسىس قىلغان، ئۇنىڭدىكى ئاسپىرانتلارنىڭ سانىنى 50 مىڭغا يەتكۈزگەن. ئۇلار 20 يىلدىن بېرى مەكتەپ سانىنى بىر ھەسسە، ئوقۇغۇچى سانىنى 2 ھەسسە كۆپەيتكەن. ئۇرۇشتىن كېيىن ياپونىيىدە ئالىي مائارىپنىڭ مۇنچە تېز تەرەققىي قىلالىغانلىقى ھەقىقەتەن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

بۇنىڭ سەۋەبى، ياپونىيىلىكلەر ئۆز پەرزەنتلىرىگە قانچىلىك مىراس قالدۇرغانلىقىنى پەقەت ئۆز پەرزەنتلىرىنى قانچىلىك دەرىجىدە ئوقۇتالىغانلىقى بىلەنلا ئۆلچەيدىكەن. ياپونىيە چەتئەللەرنىڭ ئىلغار تېخنىكىلىرىنى ۋە ئىلغار ئىگىلىك باشقۇرۇش تېخنىكىلىرىنى ناھايىتى تېزلا قوبۇل قىلىپ ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ياۋروپا، ئامېرىكا قىتئەلىرىدىكى دۆلەتلەرگە يېتىشۋېلىشتا دەل مۇشۇ ئاساسقا تايانغان. ياپونىيە ھازىر دۇنيا بويىچە پەن - تېخنىكىدا خېلىلا تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ بىرىسىگە ئايلاندى. ئۇلارنىڭ يۇكسەك سەۋىيىلىك مائارىپى، زامانىۋىلاشقان ئىقتىساتنىڭ تەرەققىياتىنى لاياقەتلىك ئەمگەك كۈچلىرى بىلەن تەمىن ئېتىپلا قالماستىن، بەلكى پەن - تېخنىكىنى يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇشقىمۇ مۇستەھكەم ھۇل ھازىرلاپ بەرگەن.

ماركس مۇنداق دەپ كورسىتىدۇ: "ئادەتتىكى ئىجتىمائىي بىلىملەر بىلىم فورماتسىيىسى جەمئىيەتنى ئالغاندا بىر خىل ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ھىساپلىنىدۇ، ئۇ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى بىلەن بىرلەشكەن ھامان، 'بۇيۇملاشقان ئەقلىي قابىلىيەت' كە، يەنى 'بىۋاستە ئىشلەپچىقىرىش كۈچى' گە ئايلىنىدۇ". ياپونىيىلىكلەر تەرىپىدىن "ئادەم كۈچى بايلىقىنى قېزىش مەركىزى" ۋە "كولىمى غايەت زور بولغان ئىقتىسادىي پائالىيەت" دەپ ئاتالغان مائارىپ، ياپونىيە ئىقتىسادىنى يۇقۇرى سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا تەڭداشسىز زور رول ئوينىغان.

### 2. پەن - تېخنىكا مائارىپىنى دەۋر قىلغان ھالدا ئىختىساسلىق خادىملارنى كۆڭۈل قويۇپ يېتىشتۈرگەن

پەن - تېخنىكا مائارىپىنى دەۋر قىلغان ھالدا ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈش لازىم دەيدىغان بۇ خىل ئىدىيە ياپونىيىدە مىڭ جىڭ يىللىرىدىكى يېڭىلىققا كۆچۈش مەزگىلىدىلا بىخ ئۇرۇشقا باشلىغان بولۇپ، ئۇ چاغلاردا ياپونىيە ھوكۈمىتى "ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، سانائەتنى گۈللەندۈرۈش ئارقىلىق دۆلەتنى بېيىتىش، ئارمىيىنى كۈچلەندۈرۈش" تىن ئىبارەت دۆلەت سىياسىتىنى بەلگىلىگەن. دۇنيانىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە يېتىشۋېلىش ئۈچۈن، زامانىۋىلاشتۇرۇش سىياسىتىنى كۈچىنىڭ بېرىچە يولغا قويغان. 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، دۇنيادىكى بەزى دۆلەتلەر 3 - قېتىملىق تېخنىكا ئىنقىلاۋىغا كىرىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ياپونىيە تېخنىكا سەۋىيە جەھەتتە يەنىلا ياۋروپا، ئامېرىكا قىتئەلىرىدىن كوپ ئارقىدا تۇرىدىغان بولغاچقا، تېخنىكا جەھەتتە ئارقىدا قالغانلىق تۈپەيلىدىن ئىقتىساتتىمۇ ئارقىدا قېلىۋاتقان بۇ خىل ھالەتنى قانداق قىلغاندا ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ؟ دىگەن مەسىلە، ئۇرۇشتىن كېيىنكى ياپونىيىنىڭ ئىقتىساتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستىراتېگىيىسىنى بەلگىلەشتە چوڭ بىر تېما بولۇپ قالغان.



新教體育 张

ئىشنى نەدىن باشلاش كېرەك؟ ياپونىيە 1960 - يىلدىن بۇرۇن ئەمگەك كۈچلىرى مەسىلىسىگە بىر قەدەر سەل قارىغان بولۇپ، ئۇلاردىكى «ئىقتىساتقا ئائىت ئاق تاشلىق كىتاب» نىڭ 1959 - يىلدىن بۇرۇنقى مۇقامى 1960 - يىلدىن كېيىنكى مۇقامىدىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ، 1961 - يىلى ئۇلاردا ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ناھايىتى ئاز، شۇنىڭ بىلەن تەڭ ياللانما ئەمگەككە بولغان ئېھتىياج تولىمۇ كۆپ ئىدى. ئەمگەك كۈچلىرى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، 1955 - يىلدىن بۇرۇن ياپونىيە ھەر يىلى 6 — 7 يۈزمىڭ ياللانما ئەمگەكچىگە مۇھتاج بولسا، 1960 - يىلدىن كېيىن ھەر يىلى بىر مىليوندىن كۆپرەك ياللانما ئەمگەكچىگە مۇھتاج بولغان. شۇڭا، 1963 - يىلىغا كەلگەندە، «ئاق تاشلىق كىتاب» نىڭ مۇقامى زور دەرىجىدە ئۆزگەرگەن. يەنى، تولۇق ئوتتۇرا مەلۇماتىغا ئىگە ئەمگەك كۈچلىرىنى قانداق ھەل قىلىش مەسىلىسى "ئىلغار دۆلەتلەر قاتارىغا ئۆتۈش" تە چوڭ مەسىلىگە ئايلىنىپ قالغان.

ياپونىيە خەلق ئىگىلىكىنىڭ پەن - تېخنىكا خادىملىرىغا ۋە مەخسۇس كەسىپ ئىگىلىرىگە قويغان سان ۋە سۈپەت جەھەتتىكى تەلىپىنى، بولۇپمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك ئەمگەك كۈچلىرىگە بولغان تەلىپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ باسقۇچىدىكى سانائەت مائارىپى بىلەن تەبىئىي پەن مائارىپىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇلار 1951 - يىلى ۋە 1953 - يىلى ئايرىم - ئايرىم ھالدا «سانائەت مائارىپىنى گۈللەندۈرۈش قانۇنى» بىلەن «تەبىئىي پەن مائارىپىنى گۈللەندۈرۈش قانۇنى» نى تۈزگەن. «سانائەت مائارىپىنى گۈللەندۈرۈش قانۇنى» دا، سانائەت مائارىپى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلاردا ئەمگەككە قارىتا توغرا پوزىتسىيە تۇرغۇزۇش، ئۇلارغا سانائەت تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىتىش ھەمدە ئۇلارنىڭ كەشپ قىلىش، ئىجات قىلىش ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈش مەقسەت قىلىنغان. بۇ قانۇنغا ئاساسەن ياپونىيە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ سانائەت مائارىپى - ئەسلىھەلىرىنى ۋە ئۈسكۈنىلىرىنى پەيدىن - پەي مۇكەممەللەشتۈرۈپ بارغان. «تەبىئىي پەن مائارىپىنى گۈللەندۈرۈش قانۇنى» دا، تەبىئىي پەن مائارىپى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا ئىلىم - پەن بىلىملىرىنى ۋە ماھارەتلىرىنى ئۆگىتىش، ئۇلارنى ئىلمىي پوزىتسىيىگە ئادەتلەندۈرۈش ھەمدە ئۇلارنىڭ كەشپ قىلىش، ئىجات قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش مەقسەت قىلىنغان.

ياپونىيە دۇنيادا پەن - تېخنىكىنىڭ كۈنسېرى يېڭىلىنىپ تۇرۇۋاتقانلىقى ئارقىسىدا پەيدا بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەرگە ئاساسەن، ئوقۇتۇش پروگراممىلىرىنى ۋە دەرسلىكلەرنىڭ مەزمۇنىنى ئۈزلۈكسىز تولۇقلاپ ماڭغان. ياپونىيىنىڭ باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپىنىڭ ئوقۇتۇش پروگراممىسى 1947 - يىلى تۈزۈلگەن. 1958 - يىلغا كەلگەندە خەلقنىڭ ئاساسىي مائارىپىنى كۈچەيتىپ، ئىقتىساتنى يۇقىرى سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ماسلىشىش ئۈچۈن، ئۇلار ئوقۇتۇش پروگراممىسىغا قايتىدىن تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، ماتېماتىكا ۋە فىزىكا دەرسلىرىنى تولۇقلىغان. 1968 - يىلى ۋە 1969 - يىلى باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش پروگراممىلىرىغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا يەنە بىر قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزگەن. 1977 - يىلى ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزگەن. مۇشۇ قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن ئوقۇتۇش پروگراممىلىرىغا ئاساسەن، باشلانغۇچ مەكتەپلەر 1980 - يىلدىن، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەر 1981 - يىلدىن، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەر 1982 - يىلدىن باشلاپ يېڭى دەرسلىك بويىچە دەرس ئۆتۈشكە

باشلىغان. يېڭى ئوقۇتۇش پۇروگراممىلىرىدا ياش - ئۆسمۈرلەرنى ئەخلاقىي، ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردە ئەتراپلىق يېتىلدۈرۈش مەقسەت قىلىنغان. دەرسلىكنىڭ مەزمۇنىنى ئالدىنقى مەزگىلدىكى "3، 5، 7"* تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى قوبۇل قىلغان ھالدا تېخىمۇ كۆڭۈل قويۇپ تاللىغان. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشىنى تېخىمۇ كەڭ مەزمۇنغا ۋە جانلىق، تېتىك كەيپىياتقا ئىگە قىلىش ئۈچۈن، دەرس سائىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئازايتقان.

1958 - يىلى ئوقۇتۇش پۇروگراممىسىغا تۈزىتىش كىرگۈزگەندىن بۇيان، ھەر قايسى مەكتەپلەر كورۇپ ياكى ئاتلاپ ئۆگىنىدىغان ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىشتا ناھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن. ياپونىيە 1967 - يىلى «ئولچەملىك ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى» نى ھەمدە ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى تولۇقلاشنىڭ 10 يىللىق پىلانىنى تۈزۈپ چىققان، ئوقۇتۇش سايمانلىرىنىمۇ تېز تولۇقلىغان. 1978 - يىلدىن باشلاپ ئىككىنچى 10 يىللىق پىلانىنى يولغا قويغان. بۇ پىلاندىكى يېڭى «ئولچەملىك ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى» ئومۇمىيۈزلۈك ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئانالىزاتور قاتارلىق يېڭى ئوقۇتۇش سايمانلىرىنى ۋە ماگنىتوفونلۇق سىن ئالغۇ (دىيەنشى لۇشياڭجى) قاتارلىق نازۇك ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ياپونىيە پەن - تېخنىكا مائارىپىنى دەۋر قىلغان ھالدا ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈش، كەشپ قىلىشقا، ئىجات قىلىشقا ئىلھام بېرىش ھەمدە سانائەتلەشتۈرۈش چارىسىنى ياخشىلاش قاتارلىقلارنىڭ پەن - تېخنىكىنى گۈللەندۈرۈشتە ئاساسلىق مەسىلە بولۇپ قالغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن. 50 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرى تۈزۈلگەن ياپونىيىنىڭ "مىللىي دارامەتنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇش پىلانى" دا ئېنىق قىلىپ مۇنداق كورستىلگەن: "يېڭى تېخنىكىلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە تەتقىقات پائالىيەتلىرىنىڭ كوپىيىشى بىلەن تەتقىقات خادىملىرىغا بولغان ئېھتىياج بارغانسېرى كوپەيمەكتە؛ ئاپتوماتلىشىشنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، ئولچەش - كونترول قىلىش، ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش، ئۈسكۈنىلەرنى رېمونت قىلىش قاتارلىق يېڭى تىپتىكى مەخسۇس تېخنىكا خادىملىرىغا بولغان ئېھتىياجمۇ كۈندىن - كۈنگە كوپەيمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىگىلىك باشقۇرغۇچى تارماقلار ۋە سودا تارماقلىرىدىمۇ تېخنىكا خادىملىرىغا بولغان ئېھتىياج ئېشىپ بارماقتا. شۇڭا، ئادەتتىكى باشقۇرغۇچىلار، خىزمەتچىلەر قاتارلىقلارمۇ مەلۇم دەرىجىدە تېخنىكا تەربىيىسى كورگەن بولۇشى لازىم."

ياپونىيە بۇ پىلانغا ئاساسەن، پەن - تېخنىكا مائارىپىدىن ئىبارەت بۇ ھالقىنى قانداق تۇتۇش توغرىسىدا كوپ باش قاتۇرغان. ئۇلار باشلانغۇچ - ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئاساسىي مائارىپىدا ماتېماتىكا، فىزىكا پەنلىرىنى ئوقۇتۇشقا ئەھمىيەت بەرگەندىن تاشقىرى، ئالىي مەكتەپلەردە سانائەت ساھەلىرىگە كېرەكلىك ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈشكىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن.

( داۋامى بار )

---

* "3، 5، 7" 1958 - يىلى ئوقۇتۇش پۇروگراممىسىغا تۈزىتىش كىرگۈزگەندە ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى ھەددىدىن زىيادە توۋەنگە چۈشۈرۈۋېتىلگەچكە، ئوقۇغۇچىلار ئۇنى ھەزىم قىلالماي، ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئىمتىھاندىن ئوتەلمىگەنلەرنىڭ سانى "3، 5، 7" بولغان يەنى باشلانغۇچتا 30%، تولۇقسىزدا 50%، تولۇقتا 70% ئوقۇغۇچى ئىمتىھاندىن ئوتەلمىگەن دىگەننى كورسىتىدۇ.

# مۇشتەرى بولۇشقا ئالدىراڭ

«شىنجاڭ مائارىپى» ژورنىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئوقۇتقۇچى، مائارىپ خادىملىرىنىڭ ئۇزۇن يىللىق دوستى ۋە سىرداشى. ئەمەلىيەت ئۇنىڭ ئۆز دوستىغا نۇرغۇن جەھەتتىن مەنىۋى ئوزۇق بېرىپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ كەلمەكتە. بىزچە، بۇ ژورنالغا داۋاملىق مۇشتەرى بولۇڭ ھەمدە باشقىلارنىمۇ دەۋەت قىلىڭ. ئۇ سىزنى تەلىم - تەربىيە ۋە ئوقۇتۇش خىزمىتىدە تېخىمۇ تېز يۈكسىلىپ، ئەمەلىي تەجرىبىلىرىڭىزنى نەزەرىيەۋى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈشىڭىزگە يېقىندىن ياردەم بېرىدۇ. ئۇ سىزنى داۋاملىق تۈردە مائارىپ ئىسلاھاتى، مائارىپ سېپىدىكى ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلەر، مائارىپقا دائىر فاڭجېن - سىياسەتلەر، ئوقۇتۇش تەتقىقاتى ئۈستىدىكى ئىزدىنىشلەر، تەجرىبىلەر ۋە پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى، پېداگوگىكا، پسىخولوگىيە قائىدە - قانۇنىيەتلىرى، مەكتەپ باشقۇرۇش ئىلمى، ئەخلاق - پەزىلەت، گۈزەللىك تەربىيىسى بىلىملىرى، دۇنيا ۋە چەتئەل مائارىپىدىكى يېڭىلىقلار بىلەن ئۆز ۋاقتىدا تەمىنلەيدۇ. نۇرغۇن مەزمۇنلار ھەر قايسى پەنلەر بويىچە ئوقۇتۇش پروگراممىسىغا زىچ بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئوقۇتۇش جەريانىدىكى قىيىنچىلىقلىرىڭىزنى ئالدىن ھەل قىلىۋېلىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ.

سىزنىڭ «شىنجاڭ مائارىپى» نىڭ قەدىر - قىممىتىگە يېتىپ ئۇنىڭدىن كۆپلىگەن مەنىۋى ئوزۇق ئېلىپ كېلىۋاتقانلىقىڭىزدىن مىننەتدارمىز. تەلىم - تەربىيە، ئوقۇتۇشتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىڭىزنى تەبرىكلەيمىز. شۇنداقلا سىزنىڭ «شىنجاڭ مائارىپى» نىڭ 1984 - يىللىق سانلىرى ئۈچۈن داۋاملىق مۇشتەرى بولۇشىڭىزنى، ژورنالدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، دەۋرىنىڭ رايونىمىز مائارىپچىلىرىدىن كۈتكەن سەممىي ئۈمىدىنى ئاقلىشىڭىزغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمىز.

ئالدىمىزدىكى 11 - ئاي «شىنجاڭ مائارىپى» نىڭ 1984 - يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇشنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتى. 1984 - يىلىنىڭ 2-، 5-، 8- ۋە 11- ئايلىرىدىمۇ پەسىللەر بويىچە مۇشتەرى بولۇشىڭىزغا بولىدۇ.

رەسمىيەت ئۆزىڭىز تۇرۇشلۇق جايلاردىكى پوچتىخانىلاردا بېجىرىلىدۇ.

ژورنالنىڭ ئايلىق باھاسى: 18 فۇڭ، ۋاكالەت نومۇرى: 5 - 58

«شىنجاڭ مائارىپى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى




شىنجاڭ مائارىپى

新疆教育

（维吾尔文版）

ئايلىق ژورنال

1983 - يىل 10 - سان

(ئومۇمى 151 - سان)

نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مائارىپى» ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمى

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھرى غالىبىيەت كوچىسى 149 - قورو

پوچتا نومۇرى: 830001، تېلېفون نومۇرى: 25043

باسقۇچى: ئۈرۈمچى شەھەرلىك باسما زاۋۇدى

تارقاتقۇچى: ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى

مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى: مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى پوچتىخانىلار

ۋاكالەت نومۇرى: 5 — 58

باھاسى 18 پۇڭ